美拉斯

مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك ئالىي سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# MIRAS



# ميراس

6
2017

ISSN 1004-3829

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولايلى




نۇرمۇھەممەت ئابلىز سىزغان




قوش ئايلىق ژۇرنال 2017 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 164 ـ سان)

## دەۋر روھى

جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچايلى .................. (1)
يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى - - - (3)
ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ رولى .................. بۇسارەم ناسىر (42)

## ئايدىڭ كېچىلەر

قارا كۆزنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە .................. ئابدۇرۇسۇل سىيىت (6)
دەۋر قوشاقلىرى .................. نۇرمۇھەممەتجان ئىمىن (10)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

ياخشىلىققا ياخشىلىق .................................. (12)
موزدوزنىڭ ئۈچ شاگىرتى .................................. (34)
مونكۇۋاي .................................. (66)
خاسىيەتلىك سەپەر .................................. (74)

## ئادەت قېرىماس

جۇۋان مەشرىپى .................. تاش توختى (16)
ئۇيغۇرلاردا داستىخان ئەدەپلىرى .................. ئابلەت ياسىن (31)
ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيە ئادەتلىرى ... ئابدۇراخمان سادىق (ئۆزبېك) (38)
ئاياللار پەردازچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلەر - - - گۈلنۇر تالىپ (44)
ئەسلىملەردىن يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى خامان ئېلىش ئۇسۇللىرىغا نەزەر ...
.................. ئىسرائىل مۇتىللا (54)



باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەمتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**
**مەمەتيۈسۈپ ياسىن**
**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيات مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش - - - ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (20)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك ............................. زۇلفىيە ئابدۇرېھىم (50)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىكا ....................................... گۈلنار ئابلىز (52)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

خەلقىمىزدە ھويلا-ئاران بېزەكچىلىكى - - - مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (69)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 34 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 34 يىللىق شانلىق تارىخىدا 164 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
كوررېكتور: خۇرسەنئاي مەمتىمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا» پەرھات ئەخمەت سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-بەتتىكى سۈرەتلەرنى روزىتوختى تۇرسۇننىياز لايىھىلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


保护文化遗产
捍卫精神家园


主编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
买买提玉素甫·牙生
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچايلى

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

تارىخ كارتىنىسى ھامان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش داۋامىدا نامايان قىلىنىدۇ، دەۋر سەھىپىسى ھامان يېڭى كۈرەش داۋامىدا پۈتۈلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 19 - قۇرۇلتىيى بۈگۈن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي — ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە ئېچىلغان ئىنتايىن مۇھىم قۇرۇلتاي، پارتىيەمىز قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش، قانداق يولدا مېڭىش، قانداق روھىي ھالەت بىلەن قانداق تارىخىي بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، قانداق كۈرەش نىشانىغا يېتىشنى ئېنىق جاكارلاپ، ئومۇمىيلىقتا، ئىستراتېگىيەلىكتە، ئالدىن كۆرەرلىكتە ئىگە ھەرىكەت پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قۇرۇلتاينى ياخشى ئېچىش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە، ئەڭ كۆپ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە، نەزەرىيەۋى ئەھمىيەتكە، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە.

«خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز». ئۆتكەن تولىمۇ ئالاھىدە بەش يىلنى ئەسلىسەك، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قىيىنچىلىقتىن قورقماي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، غايەت زور سىياسىي جاسارەت ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى قىلىپ، «بەش بىر گەۋدە» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، دۆلەت مۇداپىئەسى ئەمەلىي كۈچى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى، خەلقئارا تەسىر كۈچى ۋە خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلگەن زور نەتىجىلەر ئاساسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈكسەلدۈردى. بەش يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلەر ھەر تەرەپلىمە، ئىجادىي بولدى، بەش يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر چوڭقۇر قاتلاملىق، تۈپ خاراكتېرلىك بولدى. بۇ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلەر دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي پەللىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. بەش يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تارىخىي نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقى، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن بولدى. جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا، پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە

رەھبەرلىك كۈچى، چاقىرىق كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، پارتىيەمىز ئومۇمىيەتنى تولۇق ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، بۇ، بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا بارلىق تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسى پارتىيەمىزنىڭ كومپارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانۇنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، ئىلمىي، مۇكەممەل ئىدىيە، نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، بۇ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى بولۇپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى.

يول مەسىلىسى — پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىششى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە، يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، يول پارتىيەنىڭ جېنى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان يەتكۈچە ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن جۇڭخۇا مىللىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا، سوتسىيالىزم جۇڭگودا جۇشقۇن قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلىمىزنىڭ زامانىۋىلىششقا يۈزلىنىش يولىنى كېڭەيتتى، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئەقىل - پاراستىنى بېغىشلاپ، جۇڭگو لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى تارىخىي پەللىدە پارتىيەمىز ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يېڭى ئۇلۇغۋار كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «تۆت ئىشەنچ»نى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىنى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ تېخىمۇ كەڭ نەزەر - دائىرە، تېخىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار زور ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، نەزەرىيەدە يېڭى مەنزىل ئېچىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېڭىچە روھىي قىياپەت ۋە كۈرەش ھالىتى ئارقىلىق ئۇلۇغ كۈرەش قىلىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ئۇدا كۈرەش قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى، بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش داۋامىدا ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈن بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ يەكرەك يېقىنلاشتۇق، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئاشتى. بىرىنچى، 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يېتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچى، 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلىنىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ پارتىيەمىز ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئېغىر ۋەزىپىنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بېكىتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن پاراخوتنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىتىپ، تېخىمۇ شانلىق قىرغاققا قاراپ يۈرمەكتە.

قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)

تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى

—— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 19 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

يېڭى ئىدىيە يېڭى دەۋرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يېڭى بۇرچ يېڭى مۇساپىنى باشلايدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك 19 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى تۈرلۈك قارالما ۋە ئالىي بۇرچنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، بېيجىڭدا غەلىبىلىك يېپىلدى. پارتىيەمىز مەڭگۈ بوشاشماس روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش قىياپىتى بىلەن، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاتاكا سىگنالىنى چالدى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم قۇرۇلتاي. قۇرۇلتاي يولداش شى جىنپىڭنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بەرگەن دوكلاتىنى تەستىقلىدى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى تەستىقلىدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسى(تۈزىتىلمە)»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. بۇ، بىر قېتىملىق ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى، غەلىبە قۇرۇلتىيى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قۇرۇلتىيى بولۇپ، پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

قۇرۇلتاي يولداش شى جىنپىڭ بەرگەن دوكلاتقا يۈكسەك باھا بەردى. دوكلاتتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يەكۈنلەندى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقى، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ، يېتەرلىك بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ سىياسىي ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى ئىدىيەسى سىستېمىلىق شەرھلەندى، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: بۇ، بايراق كۆتۈرۈلگەن، يۆنىلىش كۆرسىتىلگەن، تەدبىر ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، ئۇلۇغۋار پىلان سۈرەتلەنگەن ياخشى دوكلات بولۇپ، پارلاق ماركسىزملىق پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇش، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىش، داۋاملىق يېڭى سەھىپە يارىتىشتىكى سىياسىي خىتابنامە ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى.

قۇرۇلتاي پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ باشتىن كەچۈرگەن قالتىس كۈرەش مۇساپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى زور سىياسىي جاسارەت ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، بىر قاتار

يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئېلان قىلىپ، بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ھەل قىلالمىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى، ئىلگىرى بېجىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ بېجىرەلمىگەن چوڭ ئىشلارنى بېجىردى. بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر پارتىيەمىزنىڭ تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى»، بۇ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورنى توغرىسىدا چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈمى، شۇنداقلا پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىغا سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي لىنىيە. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭى دەۋرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە مول مەزمۇنىنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تارىخىي بۇرچىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ۋە قەيسەرانە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بىر نەپەتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان زور كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا مەدەت بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى ئىدىيەسى ماركسىزم ئاساسىي قائىدىسىنىڭ جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ھالقىش، شۇنداقلا پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىغا سىڭدۈرۈلگەن روھ. «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش»تىن تارتىپ «14تە چىڭ تۇرۇش»قىچە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى ئىدىيەسى يېڭى دەۋردە قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ دەۋر تېمىسىغا سىستېمىلىق جاۋاب بەردى ھەم يېڭى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى توغرىسىدا نەزەرىيەۋى تەھلىل يۈرگۈزدى ۋە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى ھەرىكەت قىبلىنەماسى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى ئىدىيەسىنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە دەپ بېكىتىش پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەنلىكى بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە بۇنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن پارتىيە 20 ـ قۇرۇلتىيىغىچە بولغان مەزگىل «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىدىكى تارىخىي گىرەلەشمە مەزگىلى. بۇ ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى تەرەققىياتىغا يېڭى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. بىرىنچى باسقۇچ، 2020 ـ يىلدىن 2035 ـ يىلغىچە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 2035 ـ يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دۆلىتىمىز باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئەسلىدە بېكىتىلگەن ئىككىنچى 100 يىللىق نىشانىنى مۇددەتتىن 15 يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى رويابقا چىقىرىشقا قۇدرىتى

يېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. تارىخ قەتئىي ئىرادىلىكلەرنى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەنلەرنى، جان تىكىپ ئىپلىشقانلارنى يەردە قويمايدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن تارتىپ زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقىچە بىز قەتئىي تەۋرەنمەي، بەلنى چىڭ باغلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنىڭ يېڭى مۇساپىدىكى ئۇلۇغۋار سەھىپىسىنى تىرىشىپ يېزىشىمىز كېرەك.

تارىخ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئىنقىلابىيلىقنى تاۋلاش جەريانىدا تېخىمۇ كۈچلىنىپ، يېڭى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، پارتىيەمىز يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جەزمەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدىغان، ئۆزى ئۈستىدە دادىل ئىنقىلاب قىلالايدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيەنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تارىخىي مۇساپىدە باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ۋە سىناقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان تارىخىي مۇساپىدە باشتىن - ئاخىر مەملىكەت خەلقىنىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تارىخىي مۇساپىدە باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلىنىشى كېرەك.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەك. نۆۋەتتە ئالدىمىزغا قويۇلغان بىرىنچى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇجەسسەملەشتۈرۈش. پۈتۈن پارتىيە چوقۇم جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ساقلاپ، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۆتۈپ تۇرماسلىق، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك روھى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشى كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتى نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن تىنىم پۈكمەس ئۇلۇغ مىللەت، جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان، باتۇر، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان ئۇلۇغ خەلق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دادىل كۈرەش قىلىدىغان، دادىل غەلىبە قىلىدىغان ئۇلۇغ پارتىيە. يولداش شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلايلى!

تەييارلىغۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# قارا كۆزنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە

(خەلق ئاھاڭى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم ھەققىدە)

**ئابدۇرۇسۇل سېيىت**

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا.

ئېلىدا «يار سېنىڭ دەردىڭ» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان
بىر خەلق ناخشىسى بار. بۇ ناخشىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئو-
مۇملاشقان نامى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» بولۇپ، ئۇ
بىر مۇھەببەت ناخشىسى، ئاشىقلىق ھېكايىسى سۆزلىنىد-
غان سۆيگۈ ناخشىسى. مەن بۇ ناخشىنى تۇلۇقىا ئات
مىنگەن بالا چاغلىرىمدا ئات ئۈستىدە مۈگگىدا چۆكۈپ ئول-
تۇرۇپ، دېھقان ئاتىلارنىڭ ئاغزىدىن تالاي قېتىملاپ ئاڭ-
لىغان. ئۇلارنىڭ بىر زامانلاردا سەۋدالىق ئوتى تۇتاشقان
يۈرىكىنى مۇجۇپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى مېنى
چوڭقۇر-چوڭقۇر ئويلارغا سالاتتى. شۇ ناخشىنى ئېيتقۇ-
چىلارنىڭ بىرى دەل دادام رەھمىتى ئىدى. دادام ناخشا
خۇمار ئادەم بولۇپ، ناخشىنى، بولۇپمۇ خەلق ناخشىلىرد-
نى قەۋەتلا چىرايلىق توۋلاپ قوياتتى. ئاۋازى سۈزۈك،
تۇراقلىق، يېقىملىق ئىدى. ناخشىنىڭ ئەگىتمە-ئەۋجلىرد-
نى قانداق ئېلىش، قانداق مۇڭ بېرىشنى ئوبدان بىلەتتى.
ئۇ ئېيتقان خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە قۇلىقىمغا بەكرەك
سىڭىپ قالغىنى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» بىلەن «ھارۋد-
كەش ناخشىسى» ئىدى.

دادام رەھمىتىنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان يېرى،
ناخشا ئېيتسا شۇ ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى.
تومۇز ئايلىرىنىڭ پا-پا ئىسسىقلىرىدا ئورما ئورۇۋاتقان،
باغ تارتىۋاتقان، خامان تېپىۋاتقان دادامنىڭ قولى ئىشتا،
ئاغزى ھامان ناخشىدا بولاتتى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋ-
لىرىدىن يېقىملىق بىر كۈي — «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»
شۇنداق بىر ئىخلاس بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، دۈمبىسىدىن
شور ئۆرلىگەن دېھقان ئاتىلارنى مۈگگىدا چۆمدۈرەتتى.

ئەتراپتىن كىملەرنىڭدۇر: «ياشاپ كەت، روزەمكا، ئاۋازىڭغا دەرت بەرمىسۇن!» دەپ دوست تارتىشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇلار «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى «روزەمكامنىڭ ناخشىسى» دېيىشەتتى. ناخشىدىكى قارا كۆز، بېشىغا ھىلھىلە ياغلىق ئارتقان ئۇياتچان، ھايالىق يېزا قىزى قايسىبىر دوقمۇش، قايسىبىر ئالمىلىق باغنىڭ شورىدىن چىرايىنى غىل-پاللا كۆرسىتىپ قويۇپ يوقاپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

مەن ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى شۇ ئەسلىمىلەرنى ھېلىمۇ پات-پات ۋاراقلاپ قويىمەن. ناخشىدىكى يۈرىكىگە سەۋدالىق ئوتى تۇتاشقان ئاشىق يىگىتنى دادامغا، بېشىغا ھلھىلە ياغلىق ئارتىۋالغان ھايالىق يېزا قىزىنى ئاپام رەھمىتىگە ئوخشىتىمەن. بەزىدە تەقدىرنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرىگە قايىل بولماي ئامال يوق. ئاتا-ئانام مېنىڭ ھازىرقى يېشىمغا (52 ياش) ئۇلاشماي تۇرۇپ تۈگەپ كەتكەن. بىر سوتكىغا يەتمىگەن شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر-بىرىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. دادام نامرات دېھقانىنىڭ بالىسى، ئاپام ھاللىق ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. خۇددى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»دىكى ئاشىقلىق ھېكايىسىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ شۇنداقراق بىر ھېكايىسى بارلىقىنى كېيىن چوڭلاردىن ئاڭلىغان. دادام ئانا جەمەت بوۋاملارنىڭ قورۇقىدا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. دادامنىڭ كۆزى بوغما قاپاقتا پات-پات چاي كۆتۈرۈپ كېلىدىغان سېكىلەك قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالىدىكەن. ئوخشاشلا سېكىلەك قىزنىڭمۇ ناخشىسىنىڭ مۇڭى بار ئىشچان يىگىتكە مەيلى تارتىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساپلىق ۋە سەممىيلىككە تويۇنغان مۇھەببەت ھېكايىسى مانا شۇنداق باشلىنىپتۇ. كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە بوۋام-موماملارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن «ناخشىچى يىگىت» ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ مېنى تولىمۇ ھاياجانغا سالىدىغان يېرى شۇكى، تاكى دادام رەھمەتلىك تۈگەپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بوۋام بىلەن موماملار ئۇنى كۈيئوغۇل ئورنىدا ئەمەس، باغرىنى يېرىپ چىققان ئۆز ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن. ئاتا-ئانام ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئەھدىسىنىڭ دەرىجىسىنى قىياس قىلالمىساممۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاخىرىدا بېرىپ بىر گۆردە يېتىشى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مانا بۇ مۇھەممەت يۈزلىلىك «پادىچى يىگىت» روزەم بىلەن «توقۇمىچى قىز» رەيھانىنىڭ تەسىر كۈچى باشقا ھېچقانداق مۇھەببەت داستانلىرىدىن قېلىشمايدىغان ھېكايىسى بولۇپ، بۇ ھېكايە «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»دە سۆزلىنىدىغان مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

دادامنىڭ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى نېمىشقا شۇنچە مۇڭلۇق، شۇنچە تەسىرلىك توۋلايدىغانلىقىنىڭ ۋەجىنى شۇنىڭدىن كېيىن بىلدىم. «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» مۇنداقلا ئىجاد قىلىنىپ قالغان ناخشا ئەمەس. ئۇ بىر ئاشىق يۈرەكنىڭ ئازابلىق ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇزىكا تىلى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشى. مۇزىكىنىڭ كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن ئەجدادلىرىمىز بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلىرىمىزنىڭ چىن ۋە ھەقىقىي سۆيگۈ ئۈچۈن ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ پىنھانە يەرلىرىدىكى ئىزىدىن چىقىپ كەتكەن رىتىمسىز ئېغىشنى ئەبەدىيلىك قىممەتكە ئىگە رىتىملىق ئاھاڭغا ئايلاندۇرالىغان. يەنە كېلىپ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نىڭ مېلودىيەسى شۇنچە لەرزان، ئەركىن، يېپىشقاق، چەكسىزلىككە سوزۇلغان بولۇپ، يەرلىك پۇراق — ئىلى پۇرىقىغا تويۇنغان روشەن خاسلىقى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۇدار، رىتىم، ئىلھام، ھېسسىيات ئامىللىرى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئاھاڭ بىلەن تېكىست بىرلىشىپ ئۆلمەس ئەسەر — «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تېكىست دېمەك، ئاھاڭ دېمەك. ئاھاڭ دېمەك، تېكىست دېمەكتۇر. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نىڭ تېكىستى مۇزىكىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى يەنە بىر پەللە ئېچىپ بەرگەن بولسا، مۇزىكا تېكىستىنىڭ جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. مەيلى ئاھاڭ، مەيلى تېكىستتە بولسۇن ئوخشاشلا ئاشىق يۈرەكنىڭ سۆيگۈ ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ.

«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نىڭ سېھرىي كۈچى زادى نەدە؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، تەبىئەت بىلەن بىرىكىپ ياشاش پەلسەپىسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەنبەسى قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدە. «گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئۆزى ھەر خىل رەڭ، ئاۋۇش، مۇزىكىلىق رىتىملەرگە تويۇنغان ئاجايىپ بىر سەنئەت دۇنياسى. ئۇنىڭ كۈيگە تولغان تىنىقلىرىدا كىشى قەلبىنى

زىلزىلىگە سالىدىغان جاراڭلىق سادالار، ئېنىق رىتىم، تاكىت ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان گۈزەل مۇزىكا مەۋجۇت»① بولۇپ، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»-نىڭ ئاھاڭى تەبىئەتنىڭ ئىپتىدائىي تىنىق ۋە رىتىملىرىگە يېقىنلىشالىغان. ئۇنىڭ ئاۋازى، پۈرىقى بىلەن تويۇنغان. ناخشا ئۇدارىنىڭ دەم كۆچىيىپ، دەم پەسىيىشى ئېنىقلا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريا، گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران، سىمىلداپ يېغىۋاتقان باھار يامغۇرى، يامغۇر بىلەن يۇيۇنۇپ بىر قەۋەت يۇپقا مانان بىلەن ئورالغان چەكسىز دالا، چەكسىز دالادا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر، دالا ئاسمىنىدا پەر قېقىۋاتقان قەيسەر بۈركۈت، نەغمىچى قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، قاپتاللاردا كۆكرەپ تۇرغان قىز قېشىدەك قىياقلار، قىياقلارنى سۆيۈپ ئۆتكەن جانغا ئارام تاغ سەلكىنىنىڭ قۇلاقلارغا شىۋىرلاشلىرىنى يادىمىزغا سالىدۇ. «تۇساتتىن يەنە شىددەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن يەر-زېمىننى زىلزىلىگە سېلىپ ئېقىۋاتقان قىيانغا ئوخشسا، تۇرۇپلا پەس رىتىمگە قايتىپ، يۇ رەكلەرنى پايخان قىلىدۇ»②. يەنە تېخى تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئۇياتچان ئاينىڭ رومانتىكىغا تولغان شولىسى، تىلسىم كېچە، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ بار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بالاغەتكە يەتكەن قىز-يىگىتلىرىمىزنىڭ، كېچىلىرى كۆز يۇممايدىغان ئاشىقلىرىمىزنىڭ قەلبىدىكى رومانتىك غايىسىنى ئاشكارا قىلىشقا يېتىپ ئاشىدىغان بەدىئىي مۇھىت ئىدى. قارا كۆزلەر ئۈچۈن سەۋدايىلىق كوچىسىنى كەزمىگەن، قارا كۆزلەرنىڭ ئىزى قالغان كوچىلارنىڭ توپىسىنى كۆزىگە سۈرمىگەن كىم بار؟ ناخشىدا ئاشىق يىگىتنىڭ ھاياتقا بولغان تەخىرسىز مۇھەببىتى بىلەن مۇھەببەتكە بولغان چەكسىز ساداقەتلىكى تەبىئەتنىڭ ئىپتىدائىي ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ تولىمۇ مۇڭلۇق، يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ھەئە، سەنئەتنىڭ ئەزەلدىن دۆلەت چېگراسى، مىللەت چېگراسى بولغان ئەمەس. دەل شۇنداق بولغاچقا، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»دىن ئىبارەت بۇ ناخشا مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىشقا سەۋەب بولغان. تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، «خەلق ناخشىلىرى شۇ زېمىندا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ روھىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، پەلسەپىسى، ئېتىقاد تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بىر خەزىنە»③. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشنى بىلىدىغان تەمكىن، غايىلىك ۋاڭ مېڭ بۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ۋاڭ مېڭنىڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى خۇسۇسىدىكى تەسىراتى بەكلا تىرەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاز بولمىغان ئەسەرلىرى ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ يىلتىزىدىن سۇ ئىچكەن. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىدە خەلق ناخشىلىرىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان. ئىلىغا ئائىت ئەسەرلىرىدە «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى ئەڭ كۆپ تەكىتلىگەن. بولۇپمۇ ئۇ بۇ ناخشىنى بىر خىل غۇرۇر ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى. ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جاراڭلاپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزى، ئويناپ تۇرىدىغان تاۋۇشلىرى، ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ھۇزۇرلانغاندەك، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن، جۈملىدىن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»دىنمۇ شۇنداق ھۇزۇرلىناتتى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «يىراق ئىلى ۋادىسىدا ھەممە ئادەم دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى ئېيتالايدۇ. ئولتۇرۇش، بەزمە-باراۋەتلەردە بۇ ناخشىنى ئېيتماي قويمايدۇ. ‹قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم› ياڭرىغان ھامان ھەرقانداق ئەزىمەتنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلىدۇ! دېگەندەك، بۇ ناخشا ئېيتىلىپ تۈگىگىچە مېنىڭمۇ كۆز ياشلىرىم توختىمىغانىدى!»

«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ساھەدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ دىل تارىنى چەككەنلىكى مەلۇم. «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا مەنسۇپ ئەسلىمىلەرنى ۋاراقلىغان چېغىمىزدا، شۇنداق بىر ھال دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: ئەنە، چاچلىرى ئۈچەتەك ئاقارغان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ ياشانغان پىروفېسسورى بىر قېتىملىق جەمئىيەت تەكشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ، خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن ئۇچراشتى. كۆپنى كۆرگەن خەلق سەنئەتكارى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپىنىڭ ئاغزىدىن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلاندى. خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس فورما شەكىللەندۈرگەن، ئېيتقان ناخشىلىرىدا ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ناخشا ئېيتىش پۇرىقىنى ساقلاپ قالغان بۇ مەشھۇر خەلق ناخشىچىسىنىڭ

تىنىقلىرىدا «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» گويا تەبىئەتنىڭ
پەدەز كەتمىگەن ئەسلىي ئاۋازىدەك تۇيغۇ بەردى. ئۇنىڭ
كۈتىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. بۇ ناخشىنىڭ ئەينى يىللار-
دىكى خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن خەۋىرى بار پىروفېسسور
«ئىسھاقبېك كۇلۇبى»دا ئۆتكۈزۈلگەن، ئىلىنىڭ مەدەنى-
يەت- سەنئەت ساھەسىنىڭ سەرخىللىرى يىغىلغان «جەمئى-
يەت تەكشۈرۈشىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى»دا ئابدۇۋە-
لى جارۇللايۇپ بىلەن قوشۇپ، ئۇ ئېيتقان خەلق ناخشى-
سى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»نى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ۋە
يۇقىرى باھا بەردى. مۇشۇنداق ئېسىل بىر ناخشىغا بىباھا
قان- تەرى سىڭگەن ئەسەر ئىگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ،
«خەلق ناخشىسى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن
تولىمۇ ئەپسۇسلاندى ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممە ئىشقا
بىپەرۋا قاراشتەك تەپسە تەۋرەنمەس قىلىقىغا زەردىسى
قايناندى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى يىللىرى «ئىلى
گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان ئىجتىھات-
لىق ئۇستاز يازغۇچى زۇنۇن تاھىر ئاكىنىڭ 1981- يىلى
دوكلات بېرىش يىغىنىغا مۇخبىرلىق سالاھىيتى بىلەن قات-
ناشقان چاغدىكى كۆڭۈل دەپتىرىگە تىركەپ قويغان خاتى-
رىسى ئىدى.

ئەسلىمەلەر ئىچىدە يەنە جيەن چىڭخۇا ئىسىملىك موي-
سىپىت دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ كىلاسسىك سەنئىتىگە قىزىقىپ قالغان جۇڭگو مۇ-
زىكا تەتقىقات ئاكادېمىيەسى مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ
تەتقىقاتچىسى جيەن چىڭخۇا ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۇزاق
يىللىق تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە «قاپقارا قوي كۆزلۈ-
كۈم»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى 12
يۈرۈش بويىچە، «شىنجاڭ ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلى-
رى» نامىدا خەنزۇچە، ئېنگلىزچە تىللارغا تەرجىمە قىلىپ،
دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇرۇپ،
كاتتا شان- شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئىلى خەلق ناخشىلىرى-
نىڭ ئەينى يىللاردىكى ئاتىلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان بىر
قەدەر تولۇق، مۇكەممەل، تەبىئىي ئۇن لېنتىسى ھېلىمۇ
جيەن چىڭخۇا ئەپەندىنىڭ ئارخىپىدا ساقلانماقتا.

يىغىپ كەلگەندە، جيەن چىڭخۇا ئەپەندىگە ئوخشاش
تەتقىقاتچىلارنىڭ خالىس ئەمگەكلىرى «قاپقارا قوي كۆز-
لۈكۈم»دەك كىلاسسىك ناخشىلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ۋە تەت-
قىقات قىممىتىنى بىزگە يەنىمۇ روشەن ھېس قىلدۇردى.

«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» مانا شۇنداق ناخشا. ئۇ
مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، ئىنسانىيەت مەدە-
نىيەت خەزىنىسى تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن ناخشا.
جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ گۆھىرىگە
ئايلانغان ناخشا. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئەتنىڭ ئىچىدا-
ئىي ئاۋازىدىن سۇزۇۋالغان، رەڭگى ۋە سۈپىتىنى مىڭ
يىللاردىن كېيىنمۇ يوقاتمايدىغان ناخشا. بۇ ناخشىنى ئىل-
لىقنىڭ ھەممىسى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تولىيالايدۇ. ئەگىتمە-
ئەۋجىلىرىنى تەبىئەتنىڭ رىتىمىگە كەلتۈرۈپ ئالالايدۇ.
قارا كۆزنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن ئاشىقلىرىمىز «قاپقارا قوي
كۆزلۈكۈم» ئارقىلىق يىراق تۆپىلىكلەردە ئېچىلغان
كاككۈك گۈللىرىنى ئۇلارنىڭ چۆچۈرە قۇلاقلىرىغا قىسا-
لايدۇ. يەنە شۇ ناخشا ئارقىلىق زىمىستان قىشنىڭ سوغۇق
كېچىلىرىگە باھار ئاپتىپى سېپەلەيدۇ. ئارامى بۇزۇلغان
سەۋدايى كۆڭۈللەرنى بۇلبۇل سايرىغان باغلارغا، ئەتىر
پۇراپ تۇرغان تاغلارغا ئاپىرىپ تاشلىيالايدۇ. تۇڭلۇكلەر-
دىن، ئىشكلەرنىڭ قىيا ئوچۇق قالغان يوچۇقلىرىدىن،
ئاي شولىسى ئېقىپ چۈشكەن دېرىزە رۇجەكلىرىدىن
دەخلىسىز كىرىپ، ئۇيقۇسىز ياتقان قارا كۆزلەرنىڭ ئۇياتا-
چان يۈزى، ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرەكلىرىگە بىداۋا
سۆيگۈ ئوتلىرىنى ياقالايدۇ. ئەنە ئاڭلاڭ، مۇھەممەتيۈزدى-
لىنىڭ كۆك نامرات دېھقاننىڭ يىللىقچى بالىسى، رەيھان
ئىشقىدا ئاشىق يىگىت روزەم يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنىڭ بە-
رىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا توۋلىماقتا:

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا.
جانىدىن كەچكەن يىگىتلەر،
ئاشنا بولسۇن ساڭا.


پايدىلانمىلار:

① مەمتىمىن ھوشۇر — «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى».
«شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى». 2014- يىلى 6- ئاي
نەشرى.

② ۋاڭ مىڭنىڭ «جەننەت ماكان ئىلى» ناملىق كىتابىغا كىر-
گۈزۈلگەن «ئىلىغا باغلانغان ئۈزۈلمەس رىشتە» ناملىق ماقالىسى.
«مىللەتلەر نەشرىياتى» 2012- يىلى 5- ئاي نەشرى.

③ غەيرەت ئاسىم — «ۋاڭ مىڭ ۋە ئىلى خەلق ناخشىلى-
رى». «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2016- يىلى 2- سان.


(ئاپتور: ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا)



# نەۋر قوشاقلرى

**نۇرمۇھەممەتجان ئىمن**

مەن شەھەرگە يول ئالدىم،
ئات چاپتۇرۇپ مەردانە.
پارتيەنىڭ شەنىگە،
چاچتىم كۈمۈش دۇردانە.

نەۋ باھاردا تىكتۇق بىز،
قاتار ـ قاتار كۆچەتنى.
بەردى بىزگە پارتيە،
باي بولۇشقا پۇرسەتنى.

ئۆستەڭدىكى زۇمرەت سۇ،
جانغا ھۇزۇر تاتلىقكەن.
پارتيەنىڭ بەرگىنى،
بىزگە چەكسىز شادلىقكەن.

گىلەم، شىرداق، تېلېۋىزور،
ئۆيىمىزنىڭ زىننىتى.
پارتيەگە ئاشماقتا،
ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتى.

يۇرتىمىزنىڭ ئىشلىرى،
ئەنە قىزغىن جانلاندى.
باي بولۇشقا يۇرتئارا،
ھەممە دېھقان ئاتلاندى.

گۈل ـ گۈلىستانغا كىرىپ،
گۈل كۆرىمىز، پۇرايمىز.
ياخشى ئىشلەپ، باي بولۇپ،
يۇرتنى گۈلگە ئورايمىز.

ئۆستەڭ بويىدا قۇدۇق،
قۇدۇق بويىدا تۇردۇق.
باي بولۇشقا دېھقانلار،
بەلنى راسا باغلىدۇق.

يۇرتىمىزدا سىلىندى،
قاتار ـ قاتار ئىمارەت.
باي بولۇشنىڭ يولىدا،
ئاقۇزدۇق تەر ئالامەت.

دۇتارنى چالاي دەيمەن،
سازلاپ شوخ ـ شوخ پەدىگە.
پارتىيەمىز يەتمەكتە،
دېھقانلارنىڭ دەردىگە.

ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ،
ئېقىپ كىردى شاللىققا.
پارتىيەمىز دىللارنى،
چۆمدۈردى كۆپ شادلىققا.

تاش ئۆستەڭنىڭ بويىدا،
ئازادە كەڭ ئۆيۈم بار.
پارتىيەنى كۈيلىسەم،
دىلدا دەريا كۈيۈم بار.

ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر،
توسار قۇمنى-بوراننى.
يېتەكلەيدۇ پارتىيە،
ھاللىنىشقا دېھقاننى.

تاغار ـ تاغار ئۈگۈتنى،
توك تۈگمەندە تارتىمىز.
باي بولۇشنى شەرەپ دەپ،
ناخشىمىزغا قاتىمىز.

سەھەر تۇرۇپ سۇ قويدۇق،
ئېتىزلىققا ـ تاشلىققا.
غەيرەت قىلغاچ دېھقانلار،
خامان تولدى ئاشلىققا.

## بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ

پارتىيەمنىڭ يولى كەڭ،
ھەممىمىزدە ھوقۇق تەڭ.
ئېچىلدى گۈل رەڭمۇرەڭ،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ھارماي ئىشلە دېھقانلار،
ياشا ئەمگەك قىلغانلار،
تاپار ھۆرمەت ۋە شانلار،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئىشچى-دېھقان غەيرەتلىك،
ئىشلە يەرگە سۈرئەتلىك،
ئوغۇتنى قوي سۈپەتلىك،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئىشتا ئالماس قوللىرىڭ،
ئۈنۈملۈكتۇر كۈنلىرىڭ،
پارلاق سېنىڭ يوللىرىڭ،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئەمگەك سۆيسەڭ دىلىڭدا،
كەتمەن تۇتقان قولۇڭدا،
غەيرەت قىلساڭ يولۇڭدا،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

كېتەر سوغۇق قىشلىرى،
كېلەر ئېتىز ئىشلىرى،
ئىشلە دېھقان، ياش ـ قېرى،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئىشلىسەڭلار سالامەت،
كېلەر كۈزدە دارامەت،
بۇلار ئاندىن ھالاۋەت،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

يېزىمىزدا كەڭ ئېتىز،
ۋاقتىنى ئۇۇشلاپ ئىشلە تىز،
ئەر ۋە ئايال، ئوغۇل ـ قىز.
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

پارتىيەمنى دىلدا سۆي،
ئەل-ۋەتەننى بىللە سۆي،
ئىش ـ ئەمگەكنى كۈندە سۆي،
بەختىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك نۇرھەممەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ)

# ياخشىلىققا ياخشىلىق



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. پاقا دۇمباقچى، سالما غېجەكچى ئىكەن. سېغىزخان جەددىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. زامان زورنىڭ ئىكەن، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. ئۆتكەن زاماندا بىر مەملىكەتنىڭ بىر پادىشاھى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بالا چىرايلىق، قاۋۇل، چاققان ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئوردىدا زېرىكىپ شەھەر ئايلىنىپ چىقاي دەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ھەر يەر، ھەر يەردە ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا ئەل يىغىلغان جايغا بېرىپ سۆزىگە قۇلاق ساپتۇ ئۇلار: «بىزنىڭ پادىشاھ بەك ئادىل، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىدى» دەپ تەرىپىنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ «مېنىڭ دادام ھەقىقەتەن ئادىل ئوخشايدۇ» دەپ مېڭىپ ئۆزىنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ، گۈللەرنى ئارىلاپ تاماشا قىلىۋاتسا بىر ئىدىشتا ئالتۇن بېلىق سەكرەپ ئويناۋاتقۇدەك. بالا بېلىقنىڭ ئوينىشىنى بىردەم تاماشا قىلىپ خىيال سۈرۈپتۇ. «دادامنى ئۇنداق ئادىل، بۇنداق ئادىل دەپ تەرىپلىشىدىكەن، نېمە ئۈچۈن كەڭ دېڭىز، دەريادىن بۇ بېلىقنى مەھرۇم قىلىپ كىچىككىنە ئىدىشقا سولاپ قويىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇمۇ ئادىل بولامدۇ؟» دەپ باغۋەننى چاقىرىپتۇ:

— باغۋەن، چويلىنى ئېلىپ كەل، — دەپتىكەن، ئېلىپ كەپتۇ. بېلىقنى ئىدىشتىن سۈزۈپتۇ. «ماڭ، دەرياغا ئاپىرىپ قويۇپ بەر» دەپتىكەن، بېلىقنى دەرياغا قويۇپ بېرىپتۇ. كەچقۇرۇن پادىشاھ شىكاردىن كېلىپ بېلىقنى كۆرەي دەپ باغقا كىرىپ ئىدىشقا قارىسا بېلىق يوق. پادىشاھ بېلىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، بىر كۈن كۆرمىسە تاقەت قىلالمايدىكەن. پادىشاھ باغۋەننى چاقىرىپ «بېلىق قېنى؟» دەپتىكەن، باغۋەن: «باللىرى دەرياغا قويۇپ بەردى» دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئۆيگە كىرىپ «خوتۇن، ئىچكىرى ئۆيگە كىر» دەپتىكەن، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپتۇ. «بالا بېلىقنى نېمىشقا قويۇپ بەردى؟» دەپتۇ. ئايالى دەپتۇ: «بالىمىز دادامنى كىشىلەر ئادىل دەپ بەك تەرىپىنى قىلىدىكەن. دادامنىڭ بۇ بېلىقنى ئىدىشكە سولىغانلىقى ئادىللىق بولماپتۇ، دەپ قويۇپ بېرىپتۇ» دەپتۇ. پادىشاھ ئېيتىپتۇكى: «بۇ بېلىقنى بىردەم كۆرمىسەم تاقەت قىلالمايتتىم. بۈگۈندىن باشلاپ بالا كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن. ئۆيگە كىرگۈچى بولمىسۇن، كۆزۈمدىن يوقالسۇن».

پادىشاھنىڭ ئايالى ھېچقانداق چارە قىلالماي كۆز

يېشنى يامغۇردەك تۆكۈپ بالىنى چاقىرىپ دادىسىنىڭ
سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. بالا ئېيتىپتۇكى: «دادام مېنى ئۆيگە
كىرمىسۇن دېگەن بولسا مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتەي». ئا-
نىسى نۇرغۇن ئوزۇق-تۈلۈك، پۇل، مال تەييارلاپ بالى-
نى يولغا سېپتۇ، بالىغا چىدىماي يىغلاپتۇ. قاقشاپتۇ. بالا
ئۆيدىن چىقىپ ماڭغاندا ئانىسى: «بالام، توختىغىن» دەپ-
تىكەن بالا توختاپتۇ. «بالام، ساڭا ھەمراھ ئۇچرىسا
ياخشى بىلەن دوست بول» دەپتۇ. بالا ماقۇل دەپ 20
قەدەم مېڭىپ كەينىگە قارىسا ئانىسى تېخى تەلمۈرۈپ
قاراپ تۇرغۇدەك، بالا كەينىگە يېنىپ: «ئانا، مەن ياخشى
ئادەمنى قانداق، قەيەردىن تاپىمەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئا-
نىسى: «ساڭا ھەمراھ بولغان كىشى بىلەن ماڭغاندا تەرەت
سۇندۇرۇۋالاي، دەپ يېرىم سائەت ياكى بىر سائەت
ئولتۇر، سېنى كىم ساقلاپ تۇرسا بۇ ياخشى كىشى.
شۇنىڭ بىلەن دوست بولغىن» دەپتۇ. بالا ماقۇل دەپتۇ.
يولغا راۋان بوپتۇ، بىر يەرگە بارسا بىر كىشى ئۇچراپ:
«ئى يىگىت، نەگە بارىسىز؟» دەپتىكەن، شاھزادە:
«مېنىڭ رىزقىم نەگە تارتسا شۇ يەرگە بارىمەن» دەپتۇ.
ئۇ كىشى «مەنمۇ سەپەرگە چىقار ئىدىم، ئىككىمىز دوست
بولايلى» دەپتۇ، بالا ماقۇل دەپتۇ. بىر يەرگە بېرىپ:
«مەن تەرەت قىلىۋالاي» دەپ بىر سائەت ئولتۇرۇپتى-
كەن، ھەمراھى تاشلاپ كېتىپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندا
باشقا بىرسى ئۇچراپتۇ. ئۇمۇ «ئاداش، نەگە يول ئالدى-
ڭىز؟» دەپتىكەن، شاھزادە «سەپەرگە» دەپتۇ.

ئۇ: «بىز دوست بولۇپ بىللە ماڭايلى» دەپتۇ، شاھ-
زادە ماقۇل دەپتۇ. بىرئاز مېڭىپ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئېسى-
گە ئېلىپ «مەن تەرەت قىلىۋالاي» دەپ بىر سائەت ئول-
تۇرۇپتۇ، كەلسە ئۇمۇ تاشلاپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ
ئىككى ھەمراھ ئۇچراپ ئىككىلىسى تاشلاپ كېتىپتۇ. بىر
يەرگە بارسا ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بىر كىشى ئۇچ-
راپتۇ. ئۇ كىشى «يول قاياققا؟» دەپتىكەن، «رىزقىم
تارتقان ياققا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار بىللە مېڭىپتۇ،
كېين «مەن تەرەت قىلىپ كېلەي» دەپتىكەن، ئۇ كىشى
ماقۇل دەپتۇ. شاھزادە بىر سائەت ئولتۇرۇپتىكەن، تېخى-
چە ئۇ كىشىنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «ھە، ئا-
نامنىڭ ياخشى دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ:
«ئاداش، ئىككىمىز دوست بولايلى» دەپتۇ. ئۇ كىشى
«ياق» دەپتۇ. شاھزادە «ئۇنداق دېمەڭ، ئىككىمىز
دوست بولايلى» دەپتىكەن، ئۇ «كىشى سەن مەن بىلەن
دوست بولامسەن؟ ئۇنداق بولسا ساڭا قويىدىغان شەرتىم
بار، شەرتكە كۆنسەڭ دوست بولايلى» دەپتۇ. شاھزادە:
«نېمە شەرت ئۇ؟» دەپتىكەن، ئۇ كىشى: «بىرىنچىدىن،
بۈگۈندىن باشلاپ دوست بولساق مەن نېمە دېسەم شۇ-
نىڭغا ماقۇل دەيسەن، گېپىمنى ھەرگىز يېرمايسەن. سېنىڭ
گېپىڭ يوللۇق بولسا مەنمۇ ئۇنايمەن؛ ئىككىنچىدىن، سە-
پەرگە بېرىپ نېمە تاپساق تەڭ ئالىمىز» دەپتۇ. ماقۇل
دېيىشىپ دوست بولۇپتۇ، كۈندىن كۈن ئۆتۈپتۇ، ئايدىن
ئاي ئۆتۈپتۇ. شاھزادە كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈ-
شىدە بىر پادىشاھنىڭ ساھىبجامال قىزىغا ئاشىق بولۇپ
قاپتۇ. بۇ چۈشنى دوستىغا ئېيتىپتۇ، دوستى «چوقۇم تاپى-
مىز» دەپتۇ. سۇ، ئوزۇقلىرى تۈگەپ ئوت يىلتىزىنى
يەپتۇ. يامغۇر سۈيىنى ئىچىپتۇ، چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ-
تۇ، ئۈچ ئاي ئون كۈن دېگەندە بىر مەملىكەتكە يېتىپ
بېرىپتۇ. بۇ مەملىكەتكە بارسا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئاق
كىيىم كىيگەن، بەللىرى باغلاقلىق مۇسىبەت، پەرىشان
تۇرغۇدەك.

بۇلار بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ ۋە سارايۋەندىن
سوراپتۇ: «ئى سارايۋەن، بۇ شەھەردە نېمە ئىش بولدى؟
خەلقلىرى پەرىشان، ئاق كىيىم كىيگەن، بېلى باغلاقلىق
تۇرىدۇ» دەپتۇ، سارايۋەن: «ۋاي باللىرىم، مۇشۇ مەملى-
كەتنىڭ بىر پادىشاھى بار، ئۇنىڭ بىر قىزى بار. بەكمۇ
ساھىبجامال، تەڭدىشى يوق چىرايلىق گۈزەل قىز. بۇ قىز
بويىغا يەتتى، شەھەرمۇشەھەردىن شاھزادىلەر كېلىدۇ. پا-
دىشاھ قىزىنى توي تاماشا قىلىپ بېرىدۇ. ئەتىسى ئېرى
ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ قىز 30 پادىشاھنىڭ
ئوغلىغا تەگدى. 30 نىڭ ھەممىسى ئۆلدى. بۈگۈن بىر
شاھزادىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپتۇ، تۈنۈگۈن توي بولغانىدى،
خەلق شۇ شاھزادىنىڭ ماتەمنى تۇتۇپ ئاق كىيىم، ئاق
باغلاپ تۇرغىنى» دەپتۇ. بۇنى ئىككى دوست ئاڭلاپتۇ.
شاھزادە ئىشقى ئوتىدا كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بۇ ئىككى
دوست شەھەرنى ئارىلاپتۇ. ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى
شاھزادىنىڭ دوستى: «ئۇكام، مەن ساڭا پادىشاھنىڭ قىزى-
نى ئېلىپ بېرەي» دەپتۇ، شاھزادە ماقۇل بولۇپتۇ. بۇ
ئىككىسى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىغا بارغاندا
دەرۋازىنى 40 ياساۋۇل ساقلايدىكەن، ئۇلار توسۇپ:
«نېمىشقا كەلدىڭلار؟» دەپتۇ. «بىز باشقا بىر مەملىكەت-
تىن كەلگەن. پادىشاھقا گېپىمىز بار ئىدى» دەپتۇ. بۇ
ئەھۋالنى پادىشاھقا خەۋەر قىلىپتۇ. پادىشاھ: «كىرسۇن»
دەپتۇ. بۇلارنى پادىشاھ مۇلايىملىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.
پادىشاھ: «نېمىشقا كەلدىڭلار، نېمە ئىشىڭلار بار؟» دەپ

سوراپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاغىنىسى: «مېنىڭ ماۋۇ ئۇكامغا سەلمىنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بەرسەم دەپ كەلگەنىدۇق» دەپتۇ، شاھزادە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ شاھزادىغا ئۇزاق سەپسىلىپ بۇ «تولىمۇ ئۇياتچان ھەم تولىمۇ كېلىشكەن چىرايلىق بالىكەن. قىزىمنى بەرسەم بولىدۇ. لېكىن قىزىمنى 30 قېتىم ياتلىق قىلدىم. بۈگۈن تويىنى قىلسام ئەتىسى كۈيۈئوغلۇمنىڭ ئۆلۈكى چىقىدۇ. بۇ بالا بىكار نابۇت بولمىسۇن» دەپتۇ. شاھزادىنىڭ دوستى: «ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆز گۇناھىمىز ئۆزىمىزگە» دەپتۇ. «ماقۇل، مەن تەييارلىق قىلاي، قىزىمنى بېرەي، تويلۇق مەندىن بولسۇن» دەپتۇ پادىشاھ. بۇلار قايتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، توي تەييارلىقى پۈتۈپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئاش بېرىپتۇ.

ئۈچ كۈن توشقاندا قىزنى بېرىپتۇ. پادىشاھ بىر ھۇجرىنى چىرايلىق ياساپ بېرىپتۇ، قىز بىلەن يىگىتنى شۇ ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. شاھزادە مۇشۇ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئاغىنىسى بىر تاشنى شاھزادىگە بېرىپ: «ئۇكام، سەن بۈگۈن قىزنىڭ يوتقىنىغا كىرمەي بىر چەتتە ئايرىم ياتىسەن، ئەگەر بىرەر ھادىسە بولسا مۇشۇ تاش ساڭا ئەسقاتىدۇ» دەپتۇ. شاھزادە دوستىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. يەنە ئاغىنىسى دەپتۇكى: «سەن چەتتە ياتساڭ بىر يىلان چىقىدۇ، قىز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. سەن مۇشۇ تاش بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ مۇشۇ چوڭ شىشىگە سېلىپ تەكچىگە ئېلىپ قوي، يەنىلا قىزغا يېقىنلاشمايسەن». شاھزادە: «ئوبدان» دەپتۇ.

شاھزادە بىر بۇلۇڭدا يېتىپتۇ، تۈننىڭ يېرىمىدا ئادەمنىڭ يوتىسىدەك بىر يىلان چاچراپ چىقىپ قىزغا يېقىنلاشقاندا، يىگىت قويندىكى تاش بىلەن بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، يىلان شۇئاندا ئۆلۈپتۇ.

شاھزادە يىلاننىڭ ئۆلۈكىنى ھېلىقى شىشە قاچىغا سېلىپ ئاغزىنى بېكىتىپ تەكچىگە ئېلىپ قويۇپتۇ، يەنە بېرىپ چەتتىكى ئۆز جايىغا بېرىپ يېتىپتۇ، قىزمۇ جىمجىت يېتىپتۇ، سەزمۇ قىلىشماپتۇ. بۇ كېچە تاڭ ئېتىپتۇ. پادىشاھ: «ئەجەبمۇ چىرايلىق يىگىت ئىكەن، ئىست، نابۇت بولىدىغان بولدى» دەپ ئەنسىرەپتۇ.

ئەتىگىنى خەلق «ئىست» دەپ كوچىغا چىقسا، يىگىتنىڭ ساق-سالامەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپتۇ.

پادىشاھمۇ خۇرسەنلىكىنى سىغدۇرالماي يىگىتنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ.

شەھەر خەلقىنىڭمۇ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماپتۇ. شاھزادىنىڭ دوستى: «ئۇكام، سەن ساق قالدىڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ پەقەت قىزغا يېقىنلاشمايسەن. ۋاقتى توشقاندا مەن رۇخسەت قىلىمەن» دەپتۇ، بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. شاھزادە: «ئاكا، مەن پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەندىم، ئىككىمىز ئىككى بۇلۇڭدا تۇردۇق، ئەمدى بىللە بولساق بولامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ئاغىنىسى: «ياق» دەپتۇ. ئىككى ھەپتە ئۆتۈپتۇ، شاھزادە: «ئاكا، مەن بىللە بولسام بولامدۇ؟» دەپتىكەن، ئاغىنىسى «ياق» دەپتۇ.

بىر ئاي بولغاندا شاھزادە: «ئاكا، ئەمدى رۇخسەت قىلارسىز؟» دەپتۇ. ئاغىنىسى «ياق» دەپتۇ.

«ياق» بىلەن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، شاھزادە ئاۋۋالقى بۇلۇڭدا ئۆز ئورنىدا، قىزمۇ ئۆز ئورنىدا يېتىۋېرىپتۇ، ئۈچ ئاي بولغاندا شاھزادە: «ئاكا، مېنى ئۆيلىدىڭىز، تېخىچە بۇلۇڭدا ياتتىم. ئەمدى ۋاقىت توشقاندۇ، بىللە ياتسام بولامدۇ؟» دەپتىكەن، ئاغىنىسى: «ياق، يۈرۈڭ پادىشاھنىڭ قېشىغا، قېيىنئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دەپ شاھزادىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ، پادىشاھمۇ خۇرسەنلىك بىلەن ئېلىك ئاپتۇ. پادىشاھ: «بۇيان كېلىشسىلا» دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئاغىنىسى: «شۇنداق، بىز ئۆزلىرىدىن رۇخسەت سورىغىلى كەلدۇق، بۇ ئۇكام پادىشاھنىڭ يالغۇز ئوغلى، ئانىسى تولىمۇ مېھرىبان، بىز شەھەردىن، ئاتا-ئانىمىزدىن ئايرىلغىلى ئالتە-يەتتە ئاي بولۇپتۇ، بىزگە يۇرتنى كۆرۈش ئىشتىياقى چۈشتى. رۇخسەت بەرسىلە، خان قىزنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا بېرىپ دىيارىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ كەلسەك» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىماي: «ئى دانا ئوغۇللىرىم، مەن دۇنيادا بىرلا پەرزەنت كۆرگەن، قىزىم دۇنيالىقتا بىرلا بالا. مەن ياشىنىپ قالدىم. بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن. ئۆلۈپ كەتسەم ۋارىسىم يوق، شاھزادە ماڭا ھەم ئوغۇل ھەم كۈيۈئوغۇل بولسا سىلى ۋەزىر بولسىلا» دەپتۇ. شاھزادىنىڭ دوستى «ياق، بىز شەھىرىمىزگە بېرىپ سىلىگە ئوخشاش ئاتا-ئانىمىزنى كۆرۈش، يوقلىشىمىز زۆرۈردۇر» دەپتۇ، پادىشاھ شۇنچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇلار ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ئۈچ ئات جابدۇپ ئۈچ كىشىنى مىندۈرۈپ ئالتە ئاتقا 12 ساندۇق ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلاپ يولغا سېپتۇ. «سىلەر ئاتا-ئانائىلارنى،

يۇرت- دوست ئاغىنىلىرىڭلارنى كۆرۈپ ئۈچ ئايدا قايتىپ كەلسەڭلار!» دەپ مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، تاغ- داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. ماڭا- ماڭا بىر جايغا كەپتۇ. دوستى:

— ئۇكام، بىز بىر مۇشۇ بۇلاق قېشىغا چۈشۈپ تاماق يەپ ئۆتۈپ كەتسەكچۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇلار شۇ جايغا چۈشۈپتۇ. تاماق يەپتۇ، ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ.

— ئۇكام، بىز بىر ئاي بۇرۇن ئۇچرىشىپ ھەقىقىي دوست بولغانىدۇق. بىز دوست بولغان چاغدا ئىككى شەرت قويغانىدۇق، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— شۇنداق، — دەپتۇ شاھزادە.

— بىرىنچى، مەن نېمە دېسەم گېپىمگە كىرىدىغان بولغان، ئىككىنچى، نېمە تاپساق تەڭ بۆلۈشىدىغان بولغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمدى تاپقان نەرسىنى تەڭ بۆلۈشىدىغان ۋاقىت كەلدى.

— ئەمسە قانداق بۆلۈشىمىز؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى. شاھزادە:

— سىلەر نېمە دېسىلە مەن شۇ، — دەپتۇ.

ئاغىنىسى: «ئاۋۋال ئالتە ئاتتىكى دۇنيانىڭ ئۈچ ئاتتىكىنى سىز ئېلىڭ، ئۈچ ئاتتىكىسى ماڭا قالسۇن، ئەمدى نېمە قالدى، بىر ئايال قالدى. بۇنى قانداق قىلىمىز» دەپتۇ.

شاھزادە: «ئاكا، سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانىدىڭىز، بۇ قىزنى سىز ئېلىڭ» دەپتۇ. دوستى: «ياق، تەڭ ئالىمىز» دەپتۇ. شاھزادە: «قانداق تەڭ ئالىمىز؟» دەپتۇ. دوستى دەپتۇكى: «قىزنى ئىككى پارچە قىلىپ يېرىمىنى سىز، يېرىمىنى مەن ئالىمەن».

شاھزادە قورقۇپ تىترەپتۇ. «بۇنى ئىككى پارچە قىلغۇچە يا مەن، يا سىز ئالسىڭىز ياكى ئىككىمىز بۇنىڭ مېھرىدىن كېچىپ قويۇپ بەرسەك، دۇنيالىقتا پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن» دەپتۇ.

ئاغىنىسى: «ياق، تەڭ ئالىمىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

شاھزادە نائىلاج ماقۇل بولسىمۇ يۈرىكى داپ چالغىلى تۇرۇپتۇ. ئاغىنىسى ئارغامچا بىلەن قىزنى بىر جىگدىگە ئېسىپ ئىككى پۇتىنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ باغلاپ يوغان كالتەك بىلەن ئۇيات ئەندامىسىغا بەشنى ئۇرۇپتىكەن، بىر تاۋاق زەرداب چۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۇنى يېشىپ دورا بىلەن ساقايتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

— ئۇكام، — دەپتۇ ئاغىنىسى شاھزادىگە، — ئەمدى بىر سىرنى يېشىۋېتەي، سەن ئۆيلەنگىنى ئۈچ ئايدىن ئاشتى، نېمە ئۈچۈن بىر كۈنمۇ بىللە ياتمىدىڭ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ قىز ساھىبجامال پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى ئىدى. بۇنىڭغا بىر يىلان سۈرەتلىك مەخلۇق ئاشىق بولغان. بۇ قىزنىڭ ئەندامىسىگە زەرداپ قويۇپ قوياتتى. بۇنى ئالغان شاھزادە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلسىلا ئۆلەتتى. بۇ قىز 30 شاھزادىنىڭ بېشىنى يېگەن، سەن شۇ يىلان سۈرىتىدىكى مەخلۇقنى ئۆلتۈردۈڭ، بۇ قىزنىڭ ھۆسن- جامالىغا، سەۋر قامىتىگە قاراپ سەۋر قىلدىڭ، ئۈچ ئاي بۆلەك ياتتىڭلار، ئەگەر ئۈچ ئايغىچە بىللە ياتساڭلار سەنمۇ تۈگىشەتتىڭ، مەن شۇڭا رۇخسەت قىلمىدىم. بۈگۈن زەھەر تۆكۈلدى. قىز پاكلاندى، ئالتە ئاتتىكى دۇنيانىڭ ماڭا لازىمى يوق، بۇ سېنىڭ ئايالىڭ، بۇنىمۇ سەن ئال، مەن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا شۇنى ئېسىڭگە سېلىپ قوياي، سەن دەرياغا قويۇپ بېرىپ ئەركىنلىككە چىقارغان ئالتۇن بېلىق مەن بولىمەن، ئەگەر بېشىڭغا مۈشكۈللۈك چۈشسە مۇشۇ بۇلاققا كېلىپ مېنى ‹ئالتۇن بېلىق دوستۇم› دەپ چاقىرساڭ مەن ھازىر بولىمەن، خەير- خوش، يولۇڭلارغا مېڭىڭلار» دەپ بۇلاققا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئەر- ئايال خۇش بوپتۇ. ئېتىغا مىنىپ ئالتە ئاتتىكى دۇنيانى ئېلىپ ئۇزۇن- ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.

شاھزادە شەھەر سىرتىغا چۈشۈپ، دادىسىغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر پارچە خەت يازغانىكەن، پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى ھەيدەپ چىقارغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يۈرىكى پۇچىلىنىپ ھەسرەت چەككەنىكەن، شەھەر خەلقى يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ھال- مۇڭ سوراپتۇ.

بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپتۇ، كۈلۈشۈپتۇ، يىغلىشىپتۇ، دەرقەمدە ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سايباغ يېزىسىدىن ئاشپەز ئەمەت ھاجىم
رەتلىگۈچى: ئىسمائىل ئىبراھىم
تەييارلىغۇچى: ئەزىزە تۇيغۇن



# جۇۋان مەشرىپى

تاش توختى

ئادەتتە قىزلار ياتلىق بولۇپ ئىككى-ئۈچ بالىلىق بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ ئېرى بىلەن ئېجىل-ئىناق ئۆتۈشكە ئىشەنچ ھاسىل قىلغان، قىزنىڭ ئەقىل-ئەخلاق جەھەتتە يېتىلگەن، ئۆز ئۆيىنى ئوبدان باشقۇرالايدىغان، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىيەلەيدىغان قىرانلىق دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى مۇبارەكلەپ جۇۋان مەشرىپى ئۆتكۈزىدۇ.

جۇۋان مەشرىپى ئۆتكۈزىدىغان ئائىلىدە ئەر-خوتۇن قۇربى يەتكەن ئەھۋال ئاستىدا جۇۋان مەشرىپىنى ئۆتكۈزۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ياخشى بىر كۈننى تاللاپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ. ئەر-خوتۇن شۇ مەھەللىدىكى ھەر بىر ئائىلىگە بېرىپ، ئۇلارنى جۇۋان مەشرىپىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەلنەغمىچىلەرگە ئالدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ئورۇننى (سورۇننى) تۈزەشتۈرىدۇ. جۇۋانغا قويىدىغان كىيىم-كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تەييارلايدۇ. مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن تازلىقىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. سورۇنغا كىگىز، پالاس، گىلەم-كۆرپە قاتارلىقلارنى سېلىپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرىدۇ. مېھمانلار كەلگەندە ئەر-خوتۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلارنى سورۇنغا باشلاپ جاي كۆرسىتىدۇ. مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن تىنچ-ئامانلىق سورىشىدۇ.

مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى جۇۋان ئاتا-ئانىسى تەييارلاپ قويغان يېڭى كىيىملەرنى — بېشىغا رومال سېلىپ، كەمچەت تۇماق كىيىپ، ئۇچىسىغا شاتىۋادىن

(گۈللۈك رەخت) تىكىلگەن يېڭى كۆڭلەك، قارا چەكمەندىن تىكىلگەن يېڭى كەمزۇل چاپان، پۇتىغا ئارا پاشنىلىق ئايالچە ئۆتۈك كىيىپ، قۇلىقىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش زىرە، بىلىكىگە ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەزۈك سېلىپ، سەكىلەك چىچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، چېچىغا چاچ چاتقۇ تاقاپ ياسىنىدۇ.

جۇۋان مەشرەپكە كېلىدىغان مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى كەلگەن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، داستىخان سېلىپ، تاماق كەلتۈرىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ كۈندىكى سورۇننىڭ يىگىتبېشى يىغىلىشنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا توختىلىپ سۆز قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇۋاننى مېھمانلارغا سالام بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. جۇۋان سورۇنغا كېلىپ، مېھمانلارغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىدۇ. يىگىت بېشى جۇۋان بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. جۇۋان بىلەن ئۇنىڭ ئېرى شوخ نەغمە-ناۋا ساداسى ئىچىدە شوخ پەدىگە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇل تازا قىزىغان چاغدا سورۇندىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئايال قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر ئەلگەك ئاق پاختىنى (مەكىت خەلقى پاختىنى پاكلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ) ئەر-ئايالنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، ئۇلارغا سالامەتلىك، بەخت-ئامەت تىلەيدۇ. جۇۋاندىن كۈتىدىغان تىلەكلىرىنى قوشاققا قېتىپ قوشاق ئوقۇيدۇ:

ئاق جۇۋان، ئايدەك جۇۋان،
تىلى تاتلىق شوخ جۇۋان.
قەددى ئۈز لەۋەن جۇۋان،
شەرم-ھايالىق پاك جۇۋان.

ئاق جۇۋان، ئاپپاق جۇۋان،
قەلەم قاش ئوماق جۇۋان.
جۇۋان بولسا سىزدەك بولا،
ئۆتى يامان كۆيدۈرگەن جۇۋان.

ئاي خېنىم، ئايدەك جۇۋان،
ئاپپاق سۈتتەك ئاق جۇۋان.
بولۇپ ئەرگە ۋاپادار،
ئاتا-ئاناڭنى باق جۇۋان.

نىيەت دۇرۇس بولسا جۇۋان،
ئازدۇرالماس جىن-شەيتان.
سۆز-چۆچەككە ئالدانما جۇۋان،
ئۆز ئۆيۈڭگە بول قالقان.

يىگىتبېشىنىڭ تەكلىپى بىلەن سورۇندىكى ئەر-ئايال، ياش-قېرى ھەممەيلەن مەشرەپكە چۈشىدۇ، ئەلنەغمىچەلەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى، شوخ، رىتىملىق ساز ساداسى ئىچىدە مەشرەپ تازا قىزىيدۇ. بىر مەيدان مەشرەپ ئوينالغاندىن كېيىن سورۇندىكى قىزىقچىلاردىن ئىككىسى مەيدانغا چۈشۈپ، «غۇجالدىرۋاق» ئويۇننى ئوينايدۇ.

غۇجالدىرۋاق، غۇجالدىرۋاق،
بىر شېخىدا شاپتۇل، بىر شېخىدا قاق.
غۇجالدىرۋاق، غۇجالدىرۋاق،
قىچىشقاققا دورا گۈلە بىلەن قاق.

غۇجالدىرۋاق، غۇجالدىرۋاق،
ئالدىڭغا باق، كەينىڭگە باق.
قېرىنىڭدا قەدىناسنى،
مەيدەڭگە ياق، مەيدەڭگە ياق.
ئېگىز بولسالڭ سەنمۇ ھەم،
پاكار بولۇپ باق،
بولالمايمەن ياق،
بولالمايمەن ياق.
ئالتە پۇلغا ئەچكۈ (ئۆچكە) ئېلىپ،
تېرىسىنى ياپ،
ئۆپكىسىنى قاق.
گۆشىگە باق، گۆشىگە باق.

قىزىقچىلارنىڭ پاكار ئادەمنى دوراشلىرى بىلەن كۈلكە سادالىرى سورۇننى بىر ئالىدۇ.

جۇۋان مەشرەپىدە مەشرەپكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، دەررە (پوتا) ئويۇنىمۇ ئوينىلىدۇ. قولىدا دەررە تۇتقان بىر ئەر سورۇنغا چىقىپ مېھمانلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن قولدىكى دەررىنى ئويناتقان ھالدا سورۇننى بىر ئايلىنىدۇ،

ئۇنىڭدىن كېيىن سورۇندا ئولتۇرغان بىر ئايالغا دەررە تۇتىدۇ. ئايال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئەرگە سالام بەرگەندىن كېيىن دەررىگە قول تەگلەيدۇ. شۇ چاغدا ئەر:

دەررە تۇتتۇم ئۆزلىرىگە،
قوبۇل كۆرەلا.
مەندەك غېرىب بالىنىڭ،
كۆڭلىنى ئالالا.

دەپ دەررىنى ئايالغا تۇتىدۇ.

ئايال بىر ئايلىنىپ، دەررىگە قول تەگلەيدۇ. ئەر دەررىنى ئايالغا بېرىدۇ، ئايال دەررىنى ئالغاندىن كېيىن:

دەررىڭىزنى ئالدىم مەن،
ئىككى قولۇمدا.
سىزگە بەرگەن شۇ ۋەدەم،
تېخى يادىمدا.

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. دەررە ئويۇنى دەررە ئويناۋاتقان ھەر ئىككىيلەندىن چەبدەسلىكنى، چاققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن بولغاچقا بىر تەرەپ دەررە تۇتىدۇ، بىر تەرەپ ئايلىنىپ دەررىگە قول تەگلەيدۇ، دەررە تۇتقۇچى بىلەن دەررىگە قول ئۇزارتقۇچى بىر خىل يۆلىنىشتە ئايلىنىدۇ. ئايلىنىش داۋامىدا دەررىگە قول ئۇزارتقۇچى خاتا ئايلىنىپ قالسا دەررە يەيدۇ، دەررە بىلەن خاتا ئايلىنىپ قالغۇچىنى ئۇرغاندا چوقۇم بەلىنىڭ تۆۋىنىگە بوش ئۇرۇش كېرەك، باش-كۆزگە ئۇرۇشقا بولمايدۇ. دەررە ئويۇنى مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

مەشرەپ سورۇنىدا مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار سېزىلسە دەرھال يىگىتبېشىغا مەلۇم قىلىنىدۇ. يىگىتبېشى خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكىگە قاراپ، سامسا يېقىش، تامغا رەسىمنى سىزىش، يەردىن گۈلنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېلىش قاتارلىق جازالارنىڭ بىرىنى ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مەشرەپ سورۇنىدا جازالانغۇچى كۆپ ھاللاردا يەردىن گۈلنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېلىش جازاسىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ. گۈلنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېلىش جازاسىدا خىلاپلىق قىلغۇچى ئىككى قولنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئېڭىشىپ تۇرۇپ يەردىكى گۈلنى چىشلەپ ئېلىشى شەرت قىلىنىدۇ. (گۈل بولمىغاندا دوپپىسىنى چىشلەپ ئالسىمۇ بولىدۇ.)

جازالانغۇچى گۈلنى چىشلەپ ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشكەن ھامان بىرەيلەن:

ھېلى ئالىدۇ، ھېلى ئالىدۇ،
ئالامدى ھە، ئالامدى ھە.
ھېلى ئالىدۇ، ھېلى ئالىدۇ،
مانا ئالىدۇ، مانا ئالىدۇ.
دۆڭ مەھەللىنىڭ بالىلىرى،
ئالغىلى ئۇستا.
ئەنە ئالىدۇ،
چىشلەپ ئالىدۇ.
قاساپ ئالىدۇ.

دەپ جازالانغۇچىنىڭ گۈلنى ئىككى قولى كەينىگە تۇتۇپ چىشلەپ تۇرۇپ ئېلىشىغا مەدەت بېرىدۇ.

جۇۋان مەشرىپى ئويناشقا بىرلەشتۇرۇپ، بېيىت-قوشاق ئېيتىشمۇ سورۇننى تازا قىزىتىۋېتىدۇ. بېيىت-قوشاق ئېيتقۇچىلارنىڭ ئىككىسى سورۇندا بېيىت-قوشاق ئېيتىشنى باشلايدۇ.

بىرىنچى قوشاق ئېيتقۇچى:

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شىرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

ئېگىز ئاسماندا تۆۋرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

تۇتما دېسەم تۇتتۇڭ
بىلەكلەرىمنى،
ئۇتتۇڭ ئەجەب كۆيدۈردى
يۈرەكلەرىمنى.

ئىككىنچى قوشاق ئېيتقۇچى:

چوكانلار مەن دېگەن بىلەن،
مۇقامغا ئوينىيالمايدۇ.
قېشىغا ئوسما قويۇپ،

يىگىتكە ئەكىلىيەلمەيدۇ.

چوكان ئايلام، جۇۋان ئايلام،
سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن.
سېنىڭ مەلەڭگە بارغاندا،
خۇشلۇقىمدىن يايرايمەن.

ئۆرۈكلۈك باغدا يارىم،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

ئىككى قوشاقچى بىرلىشىپ: «جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن» دېگەن قوشاقنى ئېيتىپ، قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇندايدۇ.

جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن،
ھەق ھالال يارىم خوتۇن.
سەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى،
مەڭگۈلۈك شادىم خوتۇن.

جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن،
ھەق ھالال يارىم خوتۇن.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلساڭ،
ئۆلسەن دېگەن خوتۇن.

ئېچىلماس تىلىم سەنسىز،
يايرىماس تېنىم سەنسىز.
گەرچە كوت-كوت بولساڭمۇ،
گۈللىمەس ئۆيۈم سەنسىز.

جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن،
ھەق ھالال يارىم خوتۇن.
ئاق سۈت بېرىپ بالامغا،
چوڭ قىلغانمۇ سەن خوتۇن.

جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن،
ھەق ھالال يارىم خوتۇن.
سەن مېنىڭدەك ئاشىقنى،
بەختىيار قىلغان خوتۇن.

جان خوتۇن، جېنىم خوتۇن،
ھەق ھالال يارىم خوتۇن.
ئەل-جامائەت ئالدىدا،
دەيمەن سېنى پاك خوتۇن.

بېيت-قوشاق ئېيتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قوشاقچىلار سورۇندىكىلەرگە سالام بېرىدۇ، سورۇندا ئۇلارغا قىزغىن ئالقىش ياڭرايدۇ.

جۇۋان مەشرىپىدە مەشرەپ ئويناش، دەررە ئويۇنى ئويناش، قىزىقچىلىق قىلىش، بېيت-قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلار مەشرەپ سورۇنىنى تازا قىزىتىۋېتىدۇ. جۇۋان مەشرىپى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن جۇۋان ۋە ئۇنىڭ ئېرى مېھمانلارنى كېيىنكى نۆۋەت ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ.

جۇۋان مەشرىپى — بىر ئائىلە بىر يۇرت، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىناقلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەيدىغان، كىشىلەرنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە، ئۆزئارا ياردەملىشىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان مەشرەپلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كۈمۈش توي، ئالتۇن توي (ئەر-خوتۇن ئىناق بولۇپ، 40 يىلنى بىللە ئۆتكۈزسە كۈمۈش توي، ئەر-خوتۇن ئېجىل-ئىناق بولۇپ 50 يىلنى بىللە ئۆتكۈزسە ئالتۇن توي ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.) لارمۇ كىشىلەردىن ئىناق-ئىتتىپاق بولۇپ، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئۆزئارا ھالىغا يېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىللە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان، ھەر مىللەت خەلقى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن-تۇغقانلاردىن بولۇش چاقىرىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مەكىتلىكلەرنىڭ جۇۋان مەشرىپىنى ئىجادىي داۋاملاشتۇرۇش، ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# ئاتچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەسلەپكى ئىزدىنىش




**ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تارانچى مەدەنىيىتى تەتقىقات
بازىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)


(بېشى 4 ـ ساندا)

### خەلقىمىزدە ئات يارىتىش ئۇسۇللىرى

ئات يارىتىش ئات پەرۋىش قىلىشنىڭ مۇھىم تۈرلىرد ـ
ىنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە «ئات بابلاش» دەپمۇ ئاتىلى ـ
دۇ. «ئات بابلاش» ئاتنى بەيگىگە سېلىشقا «لايىقلاشتۇ ـ
رۇش، ماسلاشتۇرۇش، مۇۋاپىقلاشتۇرۇش» دېگەن مەنى ـ
لەرنى بېرىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، خەلقىمىز ئەزەلدىن ئاتتىن
ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ۋاستە ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ھايات
شەجەرىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئات بەيگىسى ئەنە شۇ
ھايات شەجەرىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرنىڭ
بىرى. ئات بەيگىسى خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللىي تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ
بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى چارۋىچىلىق رايون ـ
لىرىدا ياشايدىغان تاجىك، قىرغىز، قازاق، موڭغۇل قاتار ـ
لىق ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى
تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ بىرىدۇر. بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك
ئۆتكۈزۈلىدىغان بەيگىلەرگە «ئات بەيگىسى»، «تۆگە
بەيگىسى»، «قوتاز بەيگىسى»نى كۆرسىتىش مۇمكىن.
ئات بەيگىسى ئاساسەن چوڭ مەرىكىلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ.
بەيگە ئۆتكۈزۈشتىن ئاي بۇرۇن ئەتراپ ۋە قوشنا يۇرت ـ
لارغا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بەي ـ
گىگە ئات قاتناشتۇرۇشقا ئۈيۈشتۈرۈلىدۇ. بەيگىگە ئاتلى ـ
رىنى قوشۇشنى خالايدىغانلار بەيگىگە قاتناشتۇرۇش
ئۈچۈن بابلانغان ئاتلىرىنى توققۇز، ئون ياشلىق بەيگە
ئېتىغا مىنگۈچى چەۋەندازلارغا مىندۈرۈپ، بەيگىگە قات ـ
ناشتۇرىدۇ. بەيگىدە توپ ـ توپ ئاتلار تۇياقلىرىدىن
ئۇچقۇن چاچرىتىپ، ئۇچقاندەك چېپىشىدۇ. چەۋەندازلار
بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي، مەنزىلگە چەبدەسلىك بىلەن ئىن ـ
تىلىدۇ. 1 ـ بولۇپ پەللىگە كەلگەن ئاتلار بەيگە سانىلىپ،
ئات، تۆگە، كالا قاتارلىق ئىرى ماللار بىلەن تارتۇقلىنى ـ
دۇ. قوي، پۇل ۋە كىيىملىك رەختلەر بىلەن تارتۇقلايدى ـ
غان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بەيگە ئېلىش خەلقىمىزدە
غۇرۇر ۋە باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تولىمۇ قەدىر ـ
لىنىدۇ. شۇڭا ئات ئىگىلىرى ياكى ئاتبازلار بەيگىگە سېلى ـ
نىدىغان ئاتلارنى بابلاشنى ئالاھىدە بىر ماھارەت سۈپىتى ـ
دە ئىگىلەپ، ئات بابلاشنىڭ توغرا ۋە ئىلمىي بولغان ئەن ـ
دىزىلىرىنىمۇ ياراتقان، ئات بابلاشتا ئالدى بىلەن بابلىنى ـ
دىغان ئاتنى تاللاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. بۇنىڭ
ئۈچۈن بابلىنىدىغان ئاتلارنى ئاتنىڭ تۈرقى، سۆڭىكى ۋە
ئورۇق ـ سېمىزلىكىگە قاراپ قارا ئەتلىك ئات ۋە ماي
ئەتلىك ئات دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان. ساغرا،
قورساق ۋە ئۇجەنلىرى ئىچىگە تارتىلغان ئەمما يايلى
قېتىپ تىكلەشكەن ئاتنى قارا ئەتلىك ئات، ساغرا، قورساق
ۋە ئۇجەنلىرى سىرتقا كۆپچۈپ چىققان ئەمما يايلى قېتىپ
تىكلەشمىگەن ئاتلارنى ماي ئەتلىك ئات دەپ قارىغان،
بەيگىگە ئات بابلاشتا ئاساسەن قارا ئەتلىك ئاتنى
كۆپرەك تاللىغان. بەيگىگە يارىتىلىدىغان ئات تاللىنىپ

بولغاندىن كېيىن، ئات مۇۋاپىق تويدۇرۇلۇپ، تاڭ ئاشۇ-
رۇلۇپ، ئۈستىنى بەكمۇ قېلىن بولمىغان كىگىز ياكى پالاز
بىلەن ئاتنىڭ بويىندىن قۇيرۇقىغىچە شۇنداقلا قورساق،
چاپ ۋە تۆش قىسىملىرى شامال كىرمىگىدەك دەرىجىدە
مەھكەم چۈمكىلىپ، ئاندىن ئېگەر توقۇلۇپ، كۈز، قىش
ۋە ئەتىياز مەزگىللىرى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان
كۈنگەي قاپتاللاردا يېنىك چاپتۇرۇلۇپ، قاتتىق تەرلىتىلە-
دۇ. بۇ «ئاتنىڭ تەرىنى ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتنىڭ
تەرىنى ئېلىش ئىككى قېتىم قاتتىق تەرلىتىش، بىر قېتىم
يېنىك تەرلىتىش دەپ ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلى-
دۇ. ئاتنى تەرلىتىش باسقۇچىدا ئات قاتتىق تەرلەپ،
تەرى پۇت، يوتا، پاقالچاقلىرىنى بويلاپ تۇياق ئۈستىگە
تامچىپ چۈشىدۇ. ئات بابلىغۇچى تۇياق ئۈستىگە تامچى-
غان تەرنى قولىنىڭ ئۇچىغا يۇقتۇرۇپ تىلىغا بېسىپ تېتىپ
كۆرىدۇ. تەمى قىرتاق ياكى تۇزلۇق تېتىسا، ئاتنىڭ تەرى
تېخى تولۇق ئېلىنمامدۇ دەپ قارىلىپ، ئات يەنە يېنىك
چاپتۇرۇلۇپ تەرلىتىش داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئاخىرى تەرلە-
تىلگەن ئاتنىڭ تەرىنى تېتىپ كۆرگەندە تەر قىرتاق ۋە
تۇزلۇق تېتىماي، سۇدەك تەمسىز ھالەتتە تېتىسا، بۇ
ئاتنىڭ تەرى ئېلىنىپ بولدى دەپ قارىلىپ، ئاتنىڭ تەرد-
نى ئېلىش باسقۇچى تاماملىنىدۇ. ئاتنىڭ تەرى ئېلىنىپ
بولغاندىن كېيىن ئاتنى ئۇزۇقلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.
خەلقىمىز بابلىنىدىغان ئاتنى ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ ناھايىتى
ئىلمىي بولغان ئەندىزىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، زور مۇۋەپپە-
قىيەتلەرگە قول يەتكۈزگەن. ئۇلار بابلىنىدىغان ئاتنىڭ
ئوزۇق - سېمىزلىكىگە قاراپ سەل ئورۇق دەپ قارالغان
ئاتلارنى قايىنتىلىپ كۆپتۈرۈلگەن بۇغداي، ئارپا دېنى
بىلەن، سېمىز دەپ قارالغان ئاتلارنى ئاساسەن سۇلۇ
بىلەن ئوزۇقلاشتۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ئەھمىيەت
بەرگەن.

ئارپا: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان
غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم يېپسىمان بولى-
دۇ. دېنىنىڭ شاكىلىدا ئۇزۇن قىلتىرىقى بولىدۇ. ئۇ بىر
خىل ئاشلىق زىرائەتى بولۇپ، ئۇن تارتىلىپ ئاش - نان
تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئاتقا بوغۇز
ئورنىدىمۇ بېرىلىدۇ. ئارپىنىڭ يالىڭاچ ئارپا دېگەن بىر
تۈرى بولۇپ، بۇ ئارپىنىڭ دېنى چوڭ، پوستى نېپىز كېلى-
دۇ. ئاساسەن چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردا تېرىلى-
دۇ، ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ھاراق ئېچىتىشقىمۇ بولىدۇ. خەل-
قىمىزدە «ئارپا نېنى يەللىك، ئوسۇرتىدۇ ئەللىك»، «ئار-
پىلىقتا ئامانەي، بۇغدايلىقتا سامانەي، خورازلىرى دۈم
يېتىپ، مېكىيان قىچقارغان زامانەي»، «ئات بېشى ئارپا
نېرىندا ھاردى ئات، ئات ھېرىپ، ئاتنىڭ ئىگىسىنى
قىلدى مات»، «تەلەيسىز بۇغداي تەرسە، ئارپا ئۈنۈپ-
تۇ»، «ئارپا، بۇغداي تولۇمدا، يېتىم بالا بۇلۇڭدا»،
«ئارپا - بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئورۇق -
تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ»، «ئارپىنى ئورۇپ
بولدۇق، بۇغداي ئورۇمىز ئەمدى، كۆز ئاخىرى قىش
كىرسە، قانداق ئۆتىمىز ئەمدى»، «ئارپا - تېرىق ئاش
ئىكەن، ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن»، «ئارپا تېرىپ
بۇغداي ئالىمەن دېمە»، «ئارپا جامدا پۇل، كۆمۈر كاندا
پۇل»، «ئارپا نېنىدىن گىردە ياخشى، قۇرۇق گەپتىن
جىگدە ياخشى»، «ئارپا ئىچىدە بىر بۇغداي»، «ئارپا
يەتمىش كۈندە پىشار، بۇغداي توقسان كۈندە پىشار»،
«ئارپىنى ياش ۋاقتىدا سۇغار، بۇغداينى باش ۋاقتىدا
سۇغار»، «ئارپىسىز ئاش بولماس، چارىسىز ئىش
بولماس» دېگەن ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلار كۆپ
ئۇچرايدۇ.

سۇلۇ: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى
يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە،
ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، گۈلى يېشىل كېلىدۇ. كىچىك باشاق-
لىرىنىڭ ئۇزۇن قىلتىرىقلىرى بولىدۇ. دېنىدىن ئۇن قىلى-
نىپ يېگىلى ۋە ئات - ئۇلاققا بوغۇز ئورنىدا بەرگىلى بو-
لىدۇ. سۇلۇنىڭ يالىڭاچ سۇلۇ دېگەن تۈرى بولۇپ، كۆ-
رۈنۈشى سۇلۇغا ئوخشايدۇ، لېكىن كىچىك باشاقلىرىدىكى
گۈللەرنىڭ سانى كۆپ بولىدۇ. دېنى پىشقاندىن كېيىن چا-
نىقىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ چۈشىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلى
قىسقا، دېنىدىن ئۇن تارتىپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، كۆ-
پىنچە ئات - ئۇلاغلارنىڭ بوغۇزى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

دېمەك، خەلقىمىزنى ئات بابلاشتا، بۇ خىل ئوزۇق-
لۇقلارنىڭ ئات ئورگانىزمىنى تەڭشەپ، يىلىكىنى تولۇق-
لاپ، ئاتنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئاتنىڭ قان تەركىبىدىكى
مايىنى پارچىلاپ، ئاتنى يېنىك ۋە چەبدەس ھالەتكە كەلتۈ-
رۈشتىكى رولىنى تولۇق چۈشىنىپ، بۇ جەھەتتىمۇ نەمۇنە
ياراتقان دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ «ئارپا ئاتنىڭ ئوزۇقى،
توپا سامان دوزىخى»، «ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، قىزىڭ

بولسا ياتقا بەر»، «ئارپىسىز ئات داۋان ئاشالماس، قاناتسىز قۇش ئاسمان قۇچالماس»، «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا سولۇنى كىم سالا»، «ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار، ياخشى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن بالىلار» دېگەن ماقال ۋە قوشاقلاردىن خەلقىمىزنىڭ ئات پەرۋىشىدە ئارپا بىلەن سولۇنى بېرىنچى ئامىل قىلىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئاتلارنى بابلاش جەريانىدا قەرەلىدە ئېغىنىتىش، قىسمەن ئېقىنى ئېتىلىك سۇدا ئۈزدۈرۈش، ئالدى پۇتىنى نوۋەتلەشتۈرۈپ، تىزىدىن قايرىپ باغلاپ قويۇپ چاپتۇرۇش، قىسقا ئارىلىققا ئۆرىگە چاپتۇرۇش، چاپچىتىش، قاڭتۇرۇش، سوۋۇتۇش، تاڭ ئاشۇرۇش، قۇيرۇق، يالنى تاراپ رەتلەش، ئۇچىسىنى تولۇق قاشلاش، چاپ ـ قولتۇق، كۆز ئەترابى، تۇياق ئاستى، تۇياق ئۈستى بېغىشىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ھەرگىز سەل قارالمايدۇ. ئات مۇشۇ تەرتىقىدە بابلىنىپ تەييارلانغاندىن كېيىن، بەيگە بولۇش خەۋىرى يېتىپ كەلگىچە بىر خىل ھالەتتە نورمال پەرۋىش قىلىنىدۇ. بەيگە خەۋىرى يېتىپ كەلگەن ھامان ئات ياخشى تويغۇزۇلۇپ، بىر كېچە تاڭ ئاشۇرۇلۇپ، ئەتىگەن سەھەرگە يېقىن پاكىز سۇدا سۇغىرىلىپ، ئېغىنىتىلىپ، بوغۇزغا قويۇلۇپ، يەنە تۆت ـ بەش سائەت قاتۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. بەيگە پەيتى يېتىپ كەلگىچە ئات سەھەر يىگەن ئوزۇقلۇقلارنى تامامەن ھەزىم قىلىپ بولۇپ، قالدۇقلىرىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇسۇلدا بابلانغان ئاتلار بەيگىدە 1 ـ بولۇپ پەللىگە يېتىپ كېلىپ، بەيگە ئالالايدۇ ھەم بابلانمىغان ئاتلارغا ئوخشاش ماي چايقاش، قورساق كۆپۈش، ئالقاراق بولۇش قاتارلىق خەتەرلىك كېسەللىكلەردىن خالىي بولالايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. تونۇلغان پىداگوك، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئاكىنىڭ تولۇقلىما بېرىشىچە، ئىلىنىڭ تۇنجى نوۋەتلىك دوتىيى تۇردىئاخۇن باينىڭ نورتاي ئىسىملىك ئوغلى ئات بابلاش ماھارىتىدە بەلگىلىك پەللە ياراتقان ئاتبازلاردىن بولۇپ، ئۇ ئاتنى تاي ۋاقتىدىن بايقاش، يېتىلگەن ئاتلارنىڭ بوي ئېگىزلىكى، بەدەن ئۇزۇنلۇقى، باش، قولاق، پۇت ـ پاچاق قۇرۇلمىسى، يال ـ قۇيرۇق شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆزىتىپ، بابلىسا بەيگە ئالالايدىغان ياكى بابقا يارىمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇ بابلىغان ئاتلار كۆپىنچە بەيگىدە 1 ـ بولۇپ كەلگەن. نورتاي ئات بابلاشتىن بۇرۇن ئاتنىڭ بارلىق سىرتقى ئەزالىرى باش، قولاق، بەل ئۈستى، تۆش، يوتا، ساغرا، پۇت ـ پاقالچاقلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە مېتىر سېلىپ، ئۆلچەش ئارقىلىق بابلىنىدىغان ئاتلارنى تاللىغان. (بىراق مەن بۇ خىل ئىنچىكە ئۆلچەش ئارقىلىق بابقا ئات تاللاشنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە قادىر بولالمىدىم. كەسپداشلارنىڭ سەممىي ياردىمى ۋە تەنقىدىي پىكرىنى سەممىي قوبۇل قىلىمەن)، شۇنى ئىنكار قىلالمايمەنكى، ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ئۆلچەش ئۇسۇلى ئارقىلىق بابلىنىدىغان ئاتلارنى تاللاش ماھارىتى چوقۇم يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئاتنى چۈشىنىش قوللانمىسى بولغانلىقىدا گەپ يوق. چۈنكى، ئۇ بابلىغان ئاتلارنىڭ ھەر دائىم بەيگىلەردە 1 ـ بولۇپ، بەيگە ئالىدىغانلىقى سۆزىمىزنى پاكىتلىق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

**ئۇيغۇرلاردا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ماقال ـ تەمسىللەر**

مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ ماقال ـ تامسىللىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزگەن، تارىخنىڭ تالاي تۈگمەس سىناقلىرىغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭدىن توغرا ۋە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئىگە كۈچلۈك بولغان خەلق ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ ئەمەلىي ھاياتىغا نىمە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتسە، شۇنىڭغا قارىتا ھەر خىل تىل فولكلورلىرى مەيدانىغا كېلىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇيغۇرلار ئەمەلىي ھايات مۇساپىلىرىدە ئاتنى ۋاستە قىلغان، تاللايلىغان كەچمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ماقال ـ تەمسىللەر ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەردە خەلقىمىزنىڭ ئاتقا بولغان ئەقىدە ـ ئېتىقادى، ئاتنى چۈشىنىشى، ئاتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى رولى تولۇق شەرھلىنىپ، بىر پۈتۈن ئىنسان روھىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ھەر خىل قاراش ھەم چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

1 ـ ئات بىر قىلىقى يات.

2 ـ يېپىشلىك ئات هارماس.
3 ـ قېرىغاندا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر.
4 ـ ئات بېشىغا كۆن چۈشسە يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر، ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.
5 ـ ئەر قانىتى ئات.
6 ـ ئات ئاتاڭچە بولسىمۇ، قاق قوزۇقنى باغلاپ يات.
7 ـ چاپار ئاتنىڭ چېڭى قالار، ياخشىلارنىڭ دېڭى قالار.
8 ـ ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك، ئادەمنىڭ يامىنى سەكسەك.
9 ـ ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە، يەرنىڭ ياخشىسى تەردە.
10 ـ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.
11 ـ ئات يۈگۈرۈكى قۇتقۇزار، تىل يۈگۈرۈكى تۇت-قۇزار.
12 ـ ئاتنىڭ سىرى كۆزىدىن، ئادەمنىڭ سىرى سۆزىدىن.
13 ـ ئات بېشىدىن باغلىنار، ئادەم ئاغزىدىن.
14 ـ ئات كىشنىشىپ تېپىشار، ئادەم سۆزلىشىپ تېپىشار.
15 ـ ئات يىقىلمىسا ئەجدىها بولار، ئادەم خاتالاشمىسا ئەۋلىيا بولار.
16 ـ ئاتنى يال باسار، يامان خوتۇننى هال باسار.
17 ـ ئاتقا مىنىپ ئاتامغا باقمىدىم.
18 ـ كۆنمىگەن يۇرت زىندانچە بار، مىنمىگەن ئات يولۋاسچە بار.
19 ـ ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتمە، يۇرتنىڭ ئالدىغا ئۆتمە.
20 ـ زامان شۇڭقارنىمۇ ئالار، تۇلپارنىمۇ ئالار.
21 ـ ئەر — ئات، خوتۇن — هارۋا.
22 ـ ئات يىقىلسا پىچاق سال، ئېشەك يىقىلسا قوناق سال.
23 ـ ئات چاپساڭ ئالدىڭغا قارا، گەپ قىلساڭ ئەترا-پىڭغا قارا.
24 ـ ياخشى ئات غىلتاڭ يەردىمۇ توختار.
25 ـ ياخشى ئات قامچا سالدۇرماي مەنزىلگە يېتەر، ياخشى خوتۇن تاياق سالدۇرماي ئۆمرى ئۆتەر.
26 ـ خۇيى بار ئات ئەپقاچار، ۋاپاسىز يار يەپ قاچار.
27 ـ ئاناڭنى كۆرسەڭ ئاتتىن چۈش.
28 ـ ئاتنىڭ زىننىتى ئېگەر، ئەرنىڭ زىننىتى هۈنەر.
29 ـ ئازغان ئات ئارغىماق بولماس.
30 ـ يامان ئاتنىڭ تېرىسى ئۈچ كۈن تاراقلار.
31 ـ ئاغا ـ ئىنى ئىناق بولسا ئات تولا، ئىگىچە ـ سىڭىل ئىناق بولسا ئاش تولا.
32 ـ ئات هارسا ئېغىل ياخشى، پاتقاقتا شېغىل ياخشى.
33 ـ ئات قېرىسا مۇدرىگەك بولار، ئادەم قېرىسا مۇگدىگەك بولار.
34 ـ ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق سال.
35 ـ تاينى باقساڭ ئات بولار، بۆرىنى باقساڭ يات بولار.
36 ـ ئەپچىل ئادەم مىنگەن ئات قانات چىقىرىپتۇ.
37 ـ قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.
38 ـ ئاتنى مىنىپ ئال، ملتىقنى ئېتىپ ئال.
39 ـ ئات بېدىكى ئاچ بولار.
40 ـ ئاتنىڭ بېشىغا ئۇرغۇچە، ئاتاڭنىڭ بېشىغا ئۇر.
41 ـ ئابدال ئات مىنسە باي بولدۇم دەر، چامغۇر ئاشقا كىرسە ماي بولدۇم دەر.
42 ـ ئات — ئات بىلەن تېپىشىدۇ، ئاتنىڭ ئېشەك بىلەن تېپىشكىنى نەدە بار.
43 ـ ئات ئاتىدىن، ئادەم ئانىدىن.
44 ـ ئات ئارپا يېسە، ئېشەك قۇلاق سالار.
45 ـ ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر.
46 ـ ئاتاڭ باردا ئۇستا ئىزدە، ئېتىڭ باردا يول ئىزدە.
47 ـ ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا.
48 ـ ئاتا يوللۇقتا ئاتتىن چۈش.
49 ـ ئات ئايىغان ئات مىنەر، كىيىم ئايىغان تون كىيەر.
50 ـ ئات ئايىغى بىلەن تاپار، ئادەم قولى بىلەن تاپار.
51 ـ ئات تۇيىقىدىن سەمرىيدۇ، ئادەم قۇلىقىدىن سەمرىيدۇ.
52 ـ ئات سەمرىسە ئايماق ئالار.

53 ـ ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر، چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر.

54 ـ ئات ئالساڭ ئاي كېچەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچەش.

55 ـ ئايغىر ئۇيۇرىنى ئالدۇرماس.

56 ـ بايتال بەيگە ئالماس، غۇنان قۇرۇق قالماس.

57 ـ ئات تۇيىقىنى تاي باسار.

58 ـ ئانىسى تەپكەن قۇلۇننىڭ بېقىنى ئاغرىماس.

59 ـ بايتال سەپەرگە ماڭسا، تاي ئويۇنغا ماڭار.

60 ـ بايتال قېرىسا قۇلۇنغا تاماشا، ئادەم قېرىسا بالىغا تاماشا.

61 ـ بايتاللىققا قىمىز بەرمە.

62 ـ بايتالنى بەيگىگە سالسا، ئالدىنى بەرمەس.

63 ـ بايتالنىڭ يامنى ئىككى ئاتنى تېپىشتۇرەر.

64 ـ بايتال ئۆلسە، قۇلۇن ياش، قۇلۇن ئۆلسە، كۆزۈڭ ياش.

65 ـ باي تاي مىنسىمۇ يارىشىدۇ.

66 ـ تاي ئاتقا يەتكۈزەر، ئات مۇرادقا يەتكۈزەر.

67 ـ قىز بىلەن چېلىشما، بايتال بىلەن چېپىشما.

68 ـ يېتىم بالىدىن غوۋغا چىقار، يېتىم تايدىن يورغا چىقار.

69 ـ قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر.

70 ـ بايتال بولمىسا تاي بولماس، تېجىمىگەن باي بولماس.

71 ـ ئانىسى تاشلىغان تايىنى بۆرە يەيدۇ.

72 ـ ئات بىلەن تېپىشكەن تاينىڭ تۇيىقى سۇنار.

73 ـ قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار، ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار.

**ئۇيغۇرلاردا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بالىلار ئويۇنلىرى**

بالىلار ئويۇنلىرى ئۇيغۇر خەلق بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى بالىلارنىڭ ھەۋەس ـ ئارزۇلىرىغا ماسلاشقان كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئويۇنلار بالىلارغىلا خاس بولغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياراتقان ۋە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن تەۋەررۈك. شۇنداقلا كۈچلۈك مىللىيلىققا، ئەنئەنىۋىلىككە، ئاممىباپلىققا ۋە جانلىق شەكىلگە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلق بالىلار ئويۇنلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا بۇ ئويۇنلار تەركىبىدە ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلارنىڭ بىر قەدەر زور سالماقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى ئىچىدىكى «چۈۋىق ئات» ئويۇنى، «ئات توپى» ئويۇنى، «ئات ئوقۇرى» ئويۇنى ۋە «ئات توقۇش» ئويۇنى قاتارلىقلار يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بالىلارنىڭ ھەۋەس ـ ئارزۇلىرىغا ماسلاشتۇرۇلغان ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى بولۇپ، بۇ ئويۇنلار نۆۋەتتە بالىلارنىڭ ھەر تەرەپتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاكتىۋال رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

**«چۈۋىق ئات» ئويۇنى:** تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناش ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل قىزىقارلىق ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇن پۈتۈن زېمىن يېشىللىققا چۈمكۈلۈپ، يېڭىچە ھاياتقا قەدەم تاشلىغان باھار پەسلىدە ياكى تالقان تۆكتى كۆز پەسلىدە كۆپىنچە ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن توغرىسىدا خەلقىمىز ئارىسىدا «ئۇششاق بالىلار ئوينايدۇ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، مۇساپىرلار يىغلايدۇ، ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ» دېگەن قوشاق كۆپ ئېيتىلىدۇ. بالىلار تەبىئەت يېشىللىشىپ، ئالەم ئىللىغان ئەتىياز پەسلى ياكى جاھان توقچىلىققا تولغان تالقان تۆكتى كۈز كۈنلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، يېڭى باھارنىڭ ياكى مەمۇرچىلىق كۈزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىشىدۇ. بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچى بالىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ، ئەمما ئويۇن ئوينىلىدىغان مەيدان ياكى يول، كوچىلارنىڭ كۆلىمىگە، كەڭ ـ تارلىقىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىش شەرت قىلىنىدۇ. بالىلار باش بارماق توملۇقىدىكى بىر يېرىم ياكى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق تېرەك، قارىياغاچ ياكى سېرىق سۆگەت چىۋىقلىرىنىڭ پوستىنى سويۇپ تاشلاپ، توم بېشىنى «باش»، ئىنچىكە بېشىنى «ئاياغ» قىلىپ «چۈۋىق ئات» تەييارلاپ، «باش» تەرىپىنى پىچاق بىلەن ئويۇپ ياكى ھەر خىل رەڭدە بوياپ ئاتنىڭ بېشى شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. بويۇن قىسمىنى ھالقا شەكلىدە ئازراق ئويۇپ سوپىياقتا باغلاپ، سوپىياقنىڭ ئىككى ئۇچىنى چېتىپ سول قولىدا تۇتۇۋالىدۇ. بۇ «تىزگىن» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تال سىپتا چۈۋىق تەييارلاپ ئۇنى «قامچا» ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بالىلار «ئات» ۋە كېرەكلىك «جابدۇق»لارنى

تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، يەككە ياكى گۇرۇپپىلار بويىچە
«چۇۋىق ئات» لىرى «مىنىپ» پەللەسىرى چاپتۇرۇپ
ئوينايدۇ. «چۇۋىق ئات»لارنىڭ «تىزگىن»لىرىنى بىر قو-
لىدا تۇتسا، «قامچا»نى يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ،
«ئات»نى تېز ۋە ئاستا چاپتۇرۇش بويىچە بەسلىشىدۇ.
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەلۇم ئارىلىققا بېرىپ - كېلىش ياكى
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەلۇم بىر جايدىن بىر نەرسە ئېلىپ
كېلىشنى مەقسەت قىلىپمۇ چېپىپ ئوينايدۇ. بۇ جەرياندا
ئاتنىڭ تېز چېپىش، يورغىلاپ مېڭىش، ئۇكرەك تاشلاپ
چېپىش، سوكۇلداپ مېڭىش، بۇرە مېڭىش دېگەنگە
ئوخشاش مېڭىش ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ، ھەتتا بەلگىلەن-
گەن نىشانغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتنىڭ قاڭتۇرۇپ
قويۇلۇشى، سوۋۇتۇلۇشى، «ئوت، سۇ»غا قويۇش قاتار-
لىق بىر قاتار ئات كۈتۈش جەريانلىرىمۇ ئورۇندىلىدۇ.
گۇرۇپپا بويىچە ئوينىغۇچىلار ئىككى «يول باشلىغۇچى»-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يۈگۈرۈش سۈرئىتىنىڭ تېز
- ئاستىلىقى، بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى،
«ئات»لىرىنىڭ «ئورۇق - سېمىز»لىكىگە قاراپ ئىككى
گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بەيگىگە چۈشىدۇ. ئويۇننى باشلاشتىن
بۇرۇن قايسى يول بىلەن قەيەرگە بېرىپ قانداق قايتىش،
بەلگىلەنگەن نىشانغا بېرىپ قايتىشتا ئارقىدا قالغۇچىلارغا
قانداق «جازا» بېرىش ھەققىدە كېلىشىۋېلىنىدۇ. بۇ ئو-
يۇندا يېڭىلگەن گۇرۇپپا ئەزالىرى يەڭگەن گۇرۇپپا ئەزا-
لىرىنى يۈدۈپ، «چۇۋىق ئات»قا مىنىپ مەلۇم ئارىلىققا
بېرىپ كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يەڭگۈچىلەرنىڭ «ئات»لىرى
ھاردۇق ئېلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىش كېيىنكى مەيدان
بەيگە ئۈچۈن «ئات»لارنى يارىتىش ھېسابلىنىدۇ. گۇرۇپ-
پا بويىچە ئوينىغۇچىلارنىڭ پائالىيەت تەرتىپى، يۈرۈشلىرى-
نىڭ مەزمۇنى يەككە ئوينىغۇچىلارنىڭكىگە ئاساسەن
ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ
يېتىلىشىگە، يۈگۈرۈش سۈرئىتىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ،
يۈگۈرۈش ماھىرلىرىدىن بولۇشىغا، ئات ھەققىدە دەسلەپ-
كى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ.

**«ئات توپى» ئويۇنى:** بۇ ئويۇن ئادەتتە
«چەۋگەن»، «چاۋگەن»، «چىمەنلىك توپى»، «چۆگۈن»
دېگەن ناملاردىمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئات مىنىش،
چوماق ئارقىلىق ئوۋ قىلىش، ئات چاپتۇرۇش، ئوغلاق
تارتىشىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىقلار
ئۆلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. چوڭلارنىڭ بۇ
خىل ھەرىكەتلىرى ئاستا - ئاستا بالىلارغا ئۆتۈپ،
ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ، ئۇلار-
دىمۇ «ئات توپى» ئويۇنى ئويناش ئادىتىنى شەكىللەن-
دۈرگەن. «ئات توپى» ئويۇنى ئادەتتە تەبىئەت ياشار-
غان ياز ۋە توقچىلىققا تولغان كۈز كۈنلىرى ئوغۇل
بالىلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار
ئادەتتە ئون ئەتراپىدا بولىدۇ، بالىلار ئويۇن سورۇنى
قىلىپ بەلگىلىگەن چىملىق ياكى ئازادە مەيدانلارغا توپ-
لاشقاندىن كېيىن، بەشتىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ئو-
يۇنغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ياغاچ ئات، ھەر مېۋىلىك دە-
رەخلەرنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان چوماق شەكىللىك كالتەك
ۋە كۆندىن راسلانغان توپ قاتارلىق ئويۇنچۇقلارنى تەق-
لىۋالىدۇ. «ئات توپى» ئوينىلىدىغان مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى ئادەتتە 150 - 200 مېتىر، كەڭلىكى 60 - 80 مېتىر ئەترا-
پىدا بولسا بولىدۇ. مەيداننىڭ ئەتراپىغا چېگرا سىزىقى سى-
زىلىدۇ. تارىختا بۇ سىزىق «تاسال»، ئوينىلىدىغان توپ
«توپۇق» دەپمۇ ئاتالغان. ئىككى تەرەپكە قاپقا ياپقۇچى
قويۇلۇپ، مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا يىپ ياكى ئارغامچا تارتىپ
قويۇلىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈن-
گەن بالىلار تال چىۋىقتىن تومراق تاياقچىدىن ياسىۋالغان،
«ياغاچ ئات»قا مىنگەن ھالدا توپنى قوللىرىغا تۇتۇۋالغان
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قاتتىق ياغىچىدىن ياسالغان كالتەك
بىلەن ئۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ قاپقىسىغا كىرگۈزۈش
ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ قاپقى-
سىغا توپ قايسى تەرەپ كۆپ كىرگۈزگەن بولسا، شۇ
تەرەپ غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلاردا ئاتا -
بوۋىلىرىنىڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل مىراسلىرىغا ۋا-
رىسلىق قىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، بالىلارنى كىچىك-
دىن باشلاپلا، ھەر ئىشقا قابىل، تەلەپچان، قەيسەر
بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئۈندەيدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**«ئات ئوقۇرى» ئويۇنى:** خەلقىمىزنىڭ ئاتقا ھېرىس-
مەنلىكى، ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاتنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ بې-
قىشى، نۆۋىتىدە سەبىي بالىلارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىدىن
ساقىت بولۇپ قالمىغان. دېمەك بالىلارمۇ ئاتقا قىزىقىپ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناش، ئات يېتىلەشنى مەشىق
قىلىش، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئۆسكەن پىچانلاردا
«ئات ئوقۇرى» ياساش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئويناپ

كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرغان. «ئات ئوقۇرى» ئويۇنى ياز كۈنلىرى ئاساسەن ئوغۇل بالىلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارغا سان چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. ئەمما مەيدان ۋە ۋاقىت چەكلىمىسى بولىدۇ. ئويۇنغا ھەۋەس قىلىدىغان ئوغۇل بالىلار ئاۋۋال ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ئۆسكەن پېچانلاردىن ئېھتىياجىغا قاراپ مەلۇم مىقداردا تەييارلىۋالىدۇ. ئاندىن ئويۇن باشقۇرغۇچىنىڭ ئە-جازەت بېرىشى بىلەن ئىككى تالدىن پېچاننى قولىغا ئېلىپ «+» بەلگىسى شەكلىدە ئالماپ توقۇشقا باشلايدۇ. توقۇش جەريانىدا

«ياخشى ئات ئوقۇردا كىشنەر،
يامان ئات تېزىكىنى چىشلەر.
ياخشى خوتۇن ئۆيدە ئىشلەر،
يامان خوتۇن «ئاشىق» ئىزدەر.
مېنىڭ بالام بىرگىنە،
قىزىل ئالما گۈلگىنە.
مىنگەن ئېتى تايگىنە،
ئاسماندىكى ئايگىنە.
ھاي بولۇرۇ... ھاي بولۇر،
ئات بالىسى تاي بولۇر.
گاداي بالىسى باي بولۇر،
بەگنىڭ بالىسى لاي بولۇر.
سەگۈ تېرەك يىقىلدى،
يۆلىۋالالماي كەچ قالدۇق.
ئۈنچە- مارجان چېچىلدى،
يىغىۋالالماي كەچ قالدۇق» دېگەندەك قوشاقلارنى ئېيتىشىدۇ. بۇ ئويۇندا ئوقۇر توقۇش بىلەن قوشاق ئېيتىش ۋە ئېغىز بىلەن قول ھەرىكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىش شەرت قىلىنىدۇ. پېچاننىڭ سۈپەتلىك، ئۇ-زۇنلىرىنى تاللاپ «ئوقۇر»نى تېز، كۆپ توقۇش، توقۇش قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلىش، باشقىلارنىڭ تو-قۇشىغا كاشىلا قىلماسلىق، بىر «ئوقۇر» توقۇشقا ئاتىغان ئىككى تال پېچاننىڭ ئۇچىنى ئەڭ ئاخىرىدا ئەپچىللىك بىلەن ئىككى يانغا تارتىش ئارقىلىق «ئوقۇر»نى پۈتتۈ-رۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئويۇن ھەر بىر بالىنىڭ ئېلىپ كەلگەن پېچىنى تۈگىگەندە ئاخىرلىشىدۇ. ئاخىرىدا «ئوقۇر»نى سۈپەتلىك، تېز، كۆپ توقۇغانلار تاللىنىپ، بالىلارغا ماس ماددىي بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلىنىدۇ. تارتۇق بۇيۇمنى ئويۇندا يېڭىلگەنلەر تەييارلايدۇ، شۇ كۈنلۈك ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان ھەر بىر بالا ھەر ئېھتىمالغا قارىتا، شارائىتىغا يارىشا ماددىي نەرسە ئالغاچ كېلىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلاردا قايتماس ئىرادە، سۇنماس ئىشەنچ، دادىل جۈرئەت ۋە غەلىبە قازىنىش ئۈمىدى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى روھ بىلەن تەربىيەلەشتە قىممىتى ناھايىتى زور دەپ قارىلىدۇ.

«ئات توقۇش» ئويۇنى: بۇ ئويۇن تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پاكىز مەيدانلاردا سەككىز - ئون ياشتىن يۇقى-رى ئوغۇل بالىلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناش-ماقچى بولغان بالىلاردىن يەتتە - سەككىزى بىر يەرگە يە-غىلىپ، تۈز سىزىق ياكى چەمبەر شەكلىدە زوڭ ئولتۇرى-دۇ. ئاندىن ھەر خىل ئاھاڭ ۋە رىتىمدا:

«دوقۇ دوقۇيلى،
ئاتنى توقۇيلى.
نەگە بارايلى،
تاغقا بارايلى.
تاغدا نېمە بار؟
تاغدا ئادىمىم.
ئادىمىڭ كىمدۇر؟
بۆۋى سارە،
بۆۋى سارە،
ئاش ئېتىدۇ،
ئون چارە.
ماڭا بېرىشى بىر قوشۇق،
ئۆزى ئىچىدۇ بەش چارە!.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئالما كەپلەپ قويمىدىم.
چالما كەپلەپ قويمىدىم،
ئۈنى گوللاپ قويمىدىم.
بۇرغول - بۇرغول بىر باتۇر،
مەخمەل كۆرپىدە ياتۇر.
بۇرغۇلۇمغا تاغار ئارتسام،
قارا پاتقاقتا ياتۇر.
‹ھوش!› دېسەممۇ قوپمايدۇ،
‹چۇھ!› دېسەممۇ قوپمايدۇ.
بىزنىڭ ھورۇن بۇغرۇلباي،
تاياقتىنمۇ قورقمايدۇ.

ئون بىر كالتەك ئۇرغاندا،
ئۆلۈپ قالسا قويمايدۇ.
قاق ـ قاق، قاغىلار قاق،
ئالا قاغا نەگە بارىسەن؟
ئالا تاغقا، ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئۇششاق ـ ئۇششاق جىگدەم بار.
كىم بەردى؟
مومام بەردى.
ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە،
ئۆزۈمگە قالدى تىرناقچە.
ئوغلۇم يەپ ئوۋغا چىقتى،
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى...» دېگەن ئۈچ بۆلەك مەزمۇندىكى قوشاقنى تەكرار ئوقۇپ ئويۇننى داۋاملاشتۇردۇ. ئويۇن ئوينىغۇچىلار ئويۇننىڭ قائىدە ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىشى، قوشاقلارنى ئەسلىي ئاھاڭى بويىچە بىر خىل رىتىمدا يادقا ئوقۇشى، قوشاقلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكىگە دىققەت قىلىشى، مەزمۇننى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى، ھەرىكەتنى قوشاق مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

**ئۇيغۇرلاردا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار**

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق قوشاقلاردا ئات ئوبرازى قوشاقنىڭ 1 ـ ، 2 ـ مىسرالىرىدا قىسمەن ئەھۋاللاردا 3 ـ ، 4 ـ مىسرالىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئات ئوبرازى گەۋدىلەنگەن قوشاقلاردا كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل تۇيغۇلىرى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، ساپ مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك ھەققىدىكى قاراشلىرى ئات ئوبرازىغا باغلانغان ئاساستا ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

ئاق ئاتقا بېشىل توقۇم،
يېنىمدا سېنىڭ يوقۇڭ.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
كەلمەيدۇ مېنىڭ ئۇيقۇم.

ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا دەستىڭ مەن بولاي.
بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە،
تىلتۇمارىڭ مەن بولاي،

ئاتنىڭ ياخشىسى بولسا،
تاغنى يايلىمايمەنمۇ؟
يارنىڭ ياخشىسى بولسا،
جاننى خەجلىمەيمەنمۇ!

ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم،
بۆلۈكەي غولى بىلەن.
ئوينساڭ تۈزۈك ئوينا،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

كەلمىدى يارىم كەلمىدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.
ئاتىنىڭ ئايىغى سۇندى،
بانا بولدى كەلمىدى.

ئاتىنىڭ ئاياغى سۇنسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى.
يارىمنىڭ كۆڭلىدە بولسا،
بىر كېلىپ كۆرمەسمىدى.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
يۇيۇق ياپمىز ئەمدى.
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق،
يالغۇز ياتىمىز ئەمدى.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
تۆش ئۆلىگىنى تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

ئات مىنىپ، كىمخاب كىيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
ئىچمىسەم رەنجى ـ خۇمارى،
ئاخىر مېنى ئۆلتۈرگۈدەك.

## ئاتقا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە بايانلار

**ئاتنىڭ پۈل ئورنىدا ئىشلىتىلىشى:** بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرگەن. قەدىمكى دەۋرلەردە چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئالماشتۇرىدىغان ئاساسىي بۇيۇمى ھايۋان ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىدى. ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھايۋان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەممە تاۋارلارغا باھا قويۇشتا ۋاستىلىك رول ئوينىغان.

## ئات مەھسۇلاتلىرىنىڭ دورىلىق قىممىتى

خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئاتنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى دورىلىق قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئاتنىڭ گۆشى، سۈتى، قايمىقى، تېرىسى، قىلى، يادا تېشى، قىغ ـ سۈيدۈكى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەزا ۋە تەركىبلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش ئىشلىرىدا شۇنداقلا قىسمەن ئىگىلىك ئىشلىرىدا دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن.

**ئات گۆشى:** ئاتنىڭ گۆشى 2 ـ دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىقلىق تەبىئەتكە ئىگە بولۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، مىزاجنى تەڭشەش، تېرە رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، ھارارەتنى كۈچەيتىپ، باھنى قوزغاش، بوغۇم، لەقۋا، تىترەش كېسەللىكلىرىنى، ئۈچەينىڭ يىرىڭلىق جاراھەتلىرى، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. ئات گۆشنى كۆيدۈرۈپ مەدەن كۆشتىسى (مەدەن كۆشتىسى بىر خىل يېنىك، يۇمشاق، تەركىبىدە مەدەن بولۇپ، تەرتىپسىز شار شەكلىدە، سىرتقى يۈزى توق پور رەڭدە، كۆپىنچە پارقىرىمايدۇ. يۈزى ئېگىز ـ پەس، كېسىلگەن يۈزى سۆسۈن پور رەڭدە بولىدۇ. خېجىلڭ، موڭغۇلكۈرە، قومۇل، كۇچا قاتارلىق يەرلەردىن چىقىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە يىغىۋېلىنىپ، يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن يات ماددىلىرى تازىلاپ تاشلىنىپ، چوغدا قىپقىزىل بولغۇچە كۆيدۈرۈلۈپ، ئاندىن ئاچچىقسۇغا سېلىنىپ، سۇغۇرۇلۇپ، چىقىرىۋېلىنىپ، سوقۇپ ئۇششاق قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تۇزلۇقراق تاتلىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، قاننى جانلاندۇرۇپ ئاغرىقنى توختىتىدۇ. سىرتقى زەخىملىنىشتىن بولغان ئىششىپ ئاغرىش، غەلۋىرەك، چىيقان، چاقىلارنىڭ ئىششىدىن زەھەرلىنىش كېسىلىنى داۋالاشتا يۇمشاق مانگان رۇدىسىدىن بەش مىسقال، يۇمشاق ئېزىلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر مىسقالدىن سېرىق ھاراق بىلەن ئىچىلىدۇ) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، خىلمۇخىل تەمرەتكىلەرگە چېپىپ بەرسە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشنى مىس كۆشتىسى (بۇ، تۆمۈر سۇلفات مەدىنى بولۇپ، كۆپىنچە رەتلىك چاسا شەكىلدە، سىرتى سېرىق پارقىراق، ئۈچ ‹مىس بىلەن قەلەينىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى سارغۇچ، كۆكۈچ سارغۇچ، سۆرۈكلىشكە، چىرىتىشكە چىدامىلىق ۋە قاتتىق كېلىدۇ› پارچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇنۇق، يۈزى ئاقۇچ سېرىق، قاتتىق ۋە ئوڭاي ئۇۋۇلۇپ كېتىدىغان ماددا. ئادەتتە تەبىئىي مىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، بىسمۇن ۋە سىماب قاتارلىقلار ئاز مىقداردا ئارىلىشىپ كېلىدۇ. تەك ئوقلۇق كىرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كىرىستاللىرى ئاز ئۇچرايدۇ. قورامساقلىرى كۆپىنچە شاخسىمان ياكى كاللەك ۋە دانچە ھالىتىدە تەرتىپسىز كېلىدۇ. سىرتى ئوكسىدلىنىش تەسىرىدە توق يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ، ئاجراشچانلىقى بولمايدۇ. تۇزلۇلۇش يۈزى ھەرە چىشى شەكلىدە كېلىدۇ. ئارچىن تېغى ۋە باينغولىندىن چىقىدۇ، يىلنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرىدا يىغىۋېلىنىپ، غەيرىي ئارىلاشمىلىرى تازىلىۋېتىلىپ، ساپال قاچىغا سېلىنىپ، تولۇق قىزارغىچە كۆيدۈرۈلۈپ، ئاندىن دەرھاللا ئاچچىقسۇدا سۇغۇرۇلۇپ ئېلىنىپ يەنە بىر رەت كۆيدۈرۈلۈپ يېنىكرەك سوقۇپ تەييارلىنىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، قاننى جانلاندۇرىدۇ، سۇنغان سۆڭەكنى ئۇلاشتۇرىدۇ، ئاقىر قەرھا ‹كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 60 ـ 80 سانتىمېتىر، يىلتىزى چاچما يىلتىز بولۇپ، قارامتۇل خورما رەڭدە بولىدۇ. غولى يالغۇز، تىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، ئىككى ـ ئۈچ قايتىلانغان پەيسىمان يېرىلغان، كىچىك يېرىقچە يوپۇرماقلىرى يىپ شەكلىدە بولىدۇ. تۆۋەنكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بار، غولدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى يوق. باشسىمان گۈل رېتى چوڭراق بولۇپ، غولنىڭ ئۇچىدىن يالغۇز ئۆسۈپ چىقىدۇ ۋە بىر قانچە گۈللىرى كۈنلۈكسىمان تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپتىكى گۈللىرى تىل شەكلىدە، رەڭگى ئاق، ئوتتۇرىدىكى

گۈللىرى نەي شەكلىدە، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. كۆپرەك تاغلىق جايلاردىكى ئورمان ئەتراپىدا، ئېگىز تاغلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭدىن كۆپ چىقىدۇ. سەپەر ئېيىدا گۈلى بىلەن باشىسمان گۈللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىدۇ. مىللىي تېبابەتتە ئاقىر قەرھانىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. تەمى سەل قىرتاقراق تاتلىق، تەبىئىتى سوغۇق، ئازراق زەھەرلىك) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بوۋاسىرغا چېپىپ بەرسە، بوۋاسىرنى ئۈزۈل - كېسىل ساقايتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ئات گۆشىنى ئانار ئۇرۇقىنىڭ تالقىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچىپ بەرسە، كونا - يېڭى ئىچى سۈرۈش ۋە ئۈچەي جاراھەتلىرىگە شىپا بولىدۇ، ئەگەر ئات گۆشى تېپىلمىسا ئات قېزىسىنى يېسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىمكان بار ئات گۆشىنى ئىستېمال قىلغان ياخشى. ئات گۆشىنى مۇۋاپىق مىقداردا نورمال ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، يۈرەك تاجىسىمان قان تومۇر قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم يەنە سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، دەم سىقىلىش كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

**ئاتنىڭ يادا تېشى:** كېسەل ئاتلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىن چىقىدىغان بىر خىل تاش. كۆپىنچە ھاللاردا يۇملاق ياكى ياپىلاقراق يۇملاق بولىدۇ. چوڭلۇقى بىر خىل بولمايدۇ. كىچىكلىرى پۇرچاقتەك، چوڭلىرى مۇشتتەك، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. سىرتى سۇس ھاۋا رەڭ، كۈل رەڭ ۋە قارا بولىدۇ. سىلىق ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ ياكى چاينالغان ئوتنىڭ ئىزى بولىدۇ. تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ، كېسىلگەن يۈزىنىڭ رەڭگى بوز رەڭ بولۇپ، قات - قات سىزىقلىرى بولىدۇ. ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدۇ. كېسەل ئاتلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرىدىكى تاشلار يىغىۋېلىنىپ، پاكىز يۇيۇلۇپ، سايىدا قۇرۇتۇلۇپ، سوقۇپ يۇمشىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تەمى تۇزلۇقراق تەبىئىتى سوغۇققا مايىل، زەھەرسىز، ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ. چۆچۈشنى بېسىپ، بەلغەمنى بوشىتىش رولىغا ئىگە. سۇ چېچەك، قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى، تۇتقاقلىق، بالىلاردىكى تارتىشىش كېسەللىرىنى داۋالاشتا، ئىككى فۇڭ يادا تاش يۇمشاق سوقۇلۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ. ئاتنىڭ يادا تېشىنىڭ پارقىراق، سىيلىق، ئاقۇش ۋە كۈل رەڭ كەلگەنلىرى ئەڭ ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئاتنىڭ يادا تېشىنىڭ تەركىبىدە كالتسىي كاربونات، ماگنىي فوسفات، ماگنىي كاربونات قاتارلىق ماددىلار بولىدۇ، ئىشلىتىشتە بىر گرامدىن سوقۇپ ئىچىلىدۇ.

**ئات سۈتى قايمىقى:** ئات سۈتىنىڭ قايمىقى ئات سۈتىنىڭ يۈزىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئات سۈتى قايمىقىنىڭ قاننى ياخشىلاش ۋە ساپلاشتۇرۇش، قىزىتمىنى پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەپ قان كۆپەيتىش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ۋە سۆڭەك كېسەللىكلىرى، چىش كېسەللىكلىرى، شۇنداقلا قان ئازلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىمۇ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئات سۈتى قايمىقى ئاچچىق ئانار «ئانارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەمى ئادەتتىكى ئاناردىن چۈچۈمەل بولىدۇ» ياكى مېۋە شەربەتلىرى بىلەن مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلسە قان كۆپەيتىپ، ساغلاملىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ئات سۈتىنىڭ قايمىقىنى سەدەپ كۈشتىسى (سەدەپ — بەزى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ قاتتىق قاسرىقىدا پەيدا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭدىكى پارقىراق تاشسىمان قاتتىق ماددا بولۇپ، كۆپىنچە چىش ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىككىلەمچى ماتېرىيالى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ھەم دورا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ) بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكەندە سۆڭەك ۋە چىش مىلىكىنى ياخشىلايدۇ. ئات سۈتىدىن تەييارلانغان قىمىز (ئات سۈتىنى ئېچىتىش يولى ئارقىلىق تەييارلانغان، ئازراق كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خىل ئىچىملىك) ياز كۈنلىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئىچىملىك بولۇپ، تەبىئىتى ھول سوغۇققا مايىل. قىمىزنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە تاماقنى سىڭدۈرۈپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئادەمنى سەمرىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق قىمىزنى سوغۇق مىجەزلىك ئادەملەر ئىچسە قورسىقىنى غولدۇرلىتىپ، ئىچىنى سۈرۈپ، مىزاجىنى بۇزۇپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەر شارائىتى كەلسە كاۋاپ بىلەن ئازراق ئىچسە مۇۋاپىق بولىدۇ. سەپرادىن بولىدىغان كېسەللەرنى داۋالاشتا بېرىلىدىغان «داۋايى سەپرا» دېگەن دورىغا ئات گۆشى، ئاتنىڭ يادا تېشى قوشۇلۇپ، ئات

سۇتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

**ئات قىغى ۋە ئات سۈيدۈكى:** ئات قىغى، ئات سۈيدۈكىنىڭ ھەم ئوغۇتلۇق ھەم دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا قوغۇننىڭ كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. شۇڭا ئات قىغى ۋە سۈيدۈكى بىلەن ئوغۇتلانغان قوغۇنلاردا ئاسانلىقچە كېسەللىك ۋە زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پەرۋىش قىلىنغان قوغۇن خۇش پۇراقلىق ۋە شېرىنلىك بولۇپ، شەربىتى يېگەن كىشىنىڭ تىلىنى يېرىپ، قولنى قولغا يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا قومۇل قوغۇننىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ داڭلىق بولۇپ كەلگەنلىكى دەل شۇ ئۇسۇل بويىچە پەرۋىش قىلىنغانلىقتىن دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئاتنىڭ قېنىنى مۇۋاپىق مىقداردا يۈزىگە چېپىپ بەرسە، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇپ، ھۆسنىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئاتنىڭ قىلىدىن تور توقۇپ كۆزگە تارتىۋالسا كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىدۇ. ئاتنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، سەپكۈن، داغلارغا ۋە جاراھەتلەرگە چاپسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

**ئات ۋە چەۋەندازلىق:** «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 2057 - ۋە 2058 - بېيىتلىرىدە «تۇتۇشقا ئەلنى لەشكەر، ئات، ئەر كېرەك، ئەر، ئات تۇتقىلى تولا ماللار كېرەك. بۇ مال يىغقىلى بىر باي بودۇن كېرەك، بېيىسۇن دېسەڭ ئەل، تۈز قانۇن كېرەك» دەپ يېزىپ، «دۆلەتنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر، ئات ۋە باتۇر كېرەك، قوشۇن، ئات ۋە قەھرىمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مال يەنى ئىقتىساد لازىم، بۇ ئىقتىسادنى يىغىدىغىنى تۇرمۇشى پاراۋان خەلقتۇر. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن مۇكەممەل قانۇن كېرەكتۇر» دەپ ئەسكەرتىدۇ. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا بىر ئەلنى مۇكەممەل تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاتنىڭمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە جۇملىدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قاتناش، تېبابەت، يېمەك - ئىچمەك، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت، خەلق ئۇسسۇل، ئويۇنلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئەنئەنىۋى جابدۇقچىلىق جەھەتلەردە ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن پارلاق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇردى.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە بازىرى مويۇنكۆزەر كەنت باللار يەسلىسىدە ئامانلىق قوغدىغۇچى)


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 _ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى




# ئۇيغۇرلاردا داستىخان ئەدەپلىرى

ئابلەت ياسىن

يېمەك-ئىچمەك بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەلۇم رايون ۋە شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي فولكلورىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە تىرىكچىلىك ئادەتلىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر ماددىي فولكلور ئەنئەنىسىدە يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلىرى بىلەن بىرىكىپ ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت تىپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. داستىخان ئەدەپلىرى ئەنە شۇ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىچىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى داستىخان ئەدەپلىرىنى چۈشىنىش يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

داستىخان ئەدەپلىرى دېگەندە ئاساسلىقى يېمەك-ئىچمەك جەريانىدىكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇنلار، غىزالىنىشتىكى تەرتىپ-ئادەتلەر ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان، چەكلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ كۆپىنچە ھاللاردا شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئىككىلەمچى تەرزدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

**داستىخاندا ئولتۇرۇش ئەدەپلىرى** ئۇيغۇرلار ئا-
دەتتە تاماق يېگەندە، مېھمان كۈتكەندە ياكى باشقا مۇرا-
سىم ئادەتلىرىدە داستىخان سېلىش كەڭ ئومۇملاشقان.
ئاندىن داستىخان ئۈستىگە يېمەكلىك تىزىلىدۇ. مېھمانلار-
نى باشلىغاندا تەرتىپ بويىچە ياش جەھەتتىن چوڭ، ھۆر-
مەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى تۆرگە باشلايدۇ. گەرچە
يۇرتلار ئارا تۆر ئۇقۇمى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما داستى-
خان ئەنە شۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى مەركەز قىلى-
نىپ سېلىنىدۇ. داستىخاندا ئولتۇرۇشتا ئادەتتە ئۆيلەردىكى
سۇپىلارغا سېلىنغان يېكەندازلارنى بويلاپ ئورۇن ئېلىنى-
دىغان بولۇپ، داستىخانلار ئادەتتە يېكەندازلارنى چۆرى-
دەپ ئوتتۇرىغا سېلىنىدۇ.

داستىخان يېمەكلىك تىزىدىغان، ئاش-تائام قويىدى-
غان جاي بولغاچقا، داستىخاننى پاكىز تۇتۇش تەلەپ قىلى-
نىدۇ. يېمەكلىكتىن باشقا قالايمىقان نەرسىلەرنى قويۇشقا،
داستىخاننى قالايمىقان تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. مېھماندا-
دارچىلىقتا، مېھمانلار ئادەتتە داستىخاننى چۆرىدەپ يۈكۈ-
نۈپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرىدۇ. داستىخاننىڭ ئۈستىدە ئول-
تۇرۇشقا ياكى پۇتنى داستىخانغا قارىتىپ ئولتۇرۇشقا
قەتئىي بولمايدۇ، بۇنى ناھايىتى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلى-
دۇ. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى دەسسەپ ئۆ-
تۈشكە، ئۇنىڭدىن ئاتلاشقا بولمايدۇ. ناۋادا سىرتقا چىقىش-
قا توغرا كەلسە، داستىخاننى ئايلىنىپ، ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ
كەينىدىن ئۆتۈپ چىقىش كېرەك. داستىخانغا مېھمان باش-
لاشتا، ناۋادا مېھمانلار كۆپ بولسا، ئەر - ئاياللارنى
ئايرىم ئۆيگە باشلايدۇ، ئۇلارغا ئايرىم داستىخان سالىدۇ.
ناۋادا مېھمانلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولسا ياكى سان جە-
ھەتتىن كۆپ بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى بىر ئۆيگە باشلاي-
دۇ ۋە بىر داستىخان سالىدۇ. ئائىلىلەردە تاماقلىنىدىغان
ۋاقىتلاردىمۇ داستىخان سېلىنىدىغان بولۇپ، داستىخان دا-
دىنى مەركەز قىلىپ سېلىنىدۇ، داستىخاندا ئائىلە ئەزالىرى
ياش پەرقى بويىچە ئولتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىكى
بۇ خىل داستىخاندا ئولتۇرۇش ئادىتىدە ئۇلاردىكى چوڭ-
لارنى ھۆرمەتلەش ئېڭى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن
بولۇپ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئېسىل ئەنئەنىمىز
ھېسابلىنىدۇ.

**داستىخانغا تائام تىزىش ئەدەپلىرى** داستىخانغا
تەرتىپ بويىچە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تائام تارتىلىدۇ.



ئەمەلىيەتتە داستىخانغا تائام تىزىشنىڭمۇ بىر يۈرۈش قائى-
دىلىرى بولۇپ، ناھايىتى رەتلىك، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلى-
دۇ. ئادەتتە مېھمانلار ئۆيگە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن
داستىخان سېلىنىشتىن ئاۋۋال ھەممەيلەننىڭ قولىغا سۇ بې-
رىلىدۇ. چۈنكى پاكىزلىقنى سۆيىدىغان ئۇيغۇرلار تاماقلى-
نىشتىن بۇرۇن قولنى يۇيۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ
يېمەك-ئىچمەك ئادىتىمىزدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا ھې-
سابلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ قولىغا ئاياللار، ئەرلەرنىڭ قولىغا
ئەرلەر سۇ قويىدۇ، ئاياللار يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چە-
لاپچىدىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ يېڭىباشتىن ئەرلەرنىڭ قولىغا
سۇ بېرىدۇ، مېھمانلار قولنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن،
قوللىرىنى سۈرتۈشكە لۆڭگە سۇنۇلىدۇ. بۇ داستىخانغا
غىزا تىزىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. داستىخانغا
ئاۋۋال نان، يەل-يېمىش، پېچىنە - پىرەنىك دېگەندەك
قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىزىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھماند-
لارنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگە قاراپ پەتنۇستا چاي تۇتۇلى-
دۇ. تائاملارنى داستىخانغا تىزغاندا رەتلىك بولۇشقا، تا-
ئاملارنىڭ تۆكۈلۈپ، چايقىلىپ كەتمەي، چىنە-قاچىلار-
نىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىپ ئاۋاز چىقىپ كەتمەسلىكىگە

2017.6

ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ، تائاملارنىڭ تەرتىپلىك تارتىلىشىغا، ھەممە كىشىگە تەكشى يېتىشىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. داستىخاندا ئولتۇرغانلارمۇ تائام تارتىلىپ بولغۇچە ئالدىراپ تائامغا قول ئۇزاتمايدۇ، سۇنۇلغان تائاملارنى ئەدەپ بىلەن ئالىدۇ، ئالدىغا رەتلىك قويىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ قاچىسىغا، باشقىلارغا قويۇلغان تائاملارغا قاراپ تۇرۇۋېلىشقا، سېلىشتۇرۇشقا، بىر - بىرسىدىن بەس تالىشىشقا بولمايدۇ، بۇنداق ئىشلار ئەخلاقسىزلىق سانىلىپ ئەيىب ئېلىنىدۇ.

**داستىخاندا غىزالىنىش ئەدەپلىرى** تائاملار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن رەسمىي غىزالىنىش باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تائام ئالدى- كەينىگە تارتىلىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرۇپ، ھەممەيلەنگە تائام قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تاماققا تەڭ قول ئۇزارتىدۇ، بېشىدا ئولتۇرغانلار تاماق كەلگەندە ھېچنېمىگە قارىماي يەۋېرىدىغان، باشقىلارنى قارىتىپ قويۇپ يەۋېرىدىغان ئادەت يوق. تاماقنى ھەر كىشى ئۆز ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، ئۆز ئالدىدىكى تاۋاقتىن باشلاش ناھايىتى مۇھىم. ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىنى قويۇپ، باشقىلارنىڭ قاچىسىغا قول ئۇزارتىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تائاملارنى ئېلىپ يېيىش ناھايىتى ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. ئۆز ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش ئۇيغۇرلاردىكى داستىخاندا غىزالىنىش ئەدەپلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوڭ قول بىلەن غىزالىنىشقا كۆنگەن بولۇپ، تاماق يېيىش، باشقىلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشۈش قاتارلىق ئىشلاردا ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ. غىزالىنىشتا ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ ۋە بۇ ئادەتكە بەك رىئايە قىلىدۇ، غىزالانغاندا تاماقنى يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىپ شالاپشىتىپ يېيىش، ماكىلدىتىپ چايناش قاتارلىق ئىشلار ناھايىتى قىلىقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەيىب ئېلىنىدۇ، شۇڭلاشقا تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېيىشكە، ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە تاماق يەۋاتقاندا يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىشقا، گەپ- سۆز قىلىپ تۇرۇۋېلىشنى ياقتۇرمايدۇ، تاماق ۋاقتىدا ناۋادا گەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالسا، پەس ئاۋازدا باشقىلارغا دەخلى قىلمىغان تەرزدە دېيىش كېرەك. تاماق يەۋاتقاندا يەنە ناپاك گەپ- سۆزلەرنى قىلىشقا، ئارتۇق قىلىق، ھەرىكەت، بىھۇدە ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. غىزالىنىش ئۇيغۇرلاردا ئەدەپ ئىچىدىكى ئەدەپ جۈملىسىدىن بولۇپ، تاماقلارنى ئەيىبلەشكە، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپ ئېۋەن تېپىشقا، ئوخشىماپتۇ، ئۇنداق- بۇنداق دەپ زارلىنىشقا، قاقشاشنى، تاماقلاردىن ئاغرىنىشنى ئېغىر ئالىدۇ. تاماق ئېغىزىغا تېتىسا، ياقتۇرسا يېيىش، بولمىسا قويۇپ قويۇش، ئارتۇقچە تەلەپ- پىكىر، گەپ- سۆزلەرنى قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. تاماقلاردىن قۇسۇر ئىزدەش ئېغىر ئەخلاقسىزلىق سانىلىدۇ. غىزالىنىۋاتقاندا يەنە مېڭىپ يۈرۈش، بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش چەكلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە داستىخاندا بىرەر نەرسىلەرگە يۆلىنىپ تاماقلىنىش ياكى يېتىپ تۇرۇپ تاماقلىنىشنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، داستىخان تاماقلىنىدىغان ئورۇن بولغاچقا ئۇنى پاكىز تۇتۇش، ئۇنىڭ ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر.

**داستىخاننى يىغىشتۇرۇش ئەدەپلىرى** داستىخاننى يىغىشتۇرۇشمۇ داستىخان ئەدەپلىرى ئىچىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخاندىكى بىكار بولغان قاچا- قۇچىلار ئېلىۋېتىلىدۇ، يەل- يېمىشلەرنىڭ پوستى، مېۋە- چېۋىلەرنىڭ شۆپەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەر يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. داستىخان بىر قاتار پاكىزلىنىپ، ئازادىلەشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن مېھمانلارمۇ ساھىبخانىنىڭ بەكلا كايىپ كەتكەنلىكىنى، داستىخاننىڭ ناھايىتى مول بولغانلىقىنى ئېيتىشىپ ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ، ساھىبخانمۇ مېھمانلارغا تەكەللۇپ قىلىپ داستىخاننىڭ ئاددىي بولۇپ قالغانلىقى، ياخشى قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. بۇنىڭدەك ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزدىشىدىغان، تەكەللۇپ قىلىشىدىغان ئادەت سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە غىزالىنىشنىڭ ئاخىرلىشىپ داستىخاننى يىغىشنىڭ ۋاقتى بولغانلىقىنى يوشۇرۇن بىلدۈرىدىغان ئەسكەرتىش ئۇچۇرى بولۇپ، رەھمەت- ھەشقاللا، تەشەككۈر- قانائەتلەر بىلەن داستىخاننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن داستىخاننى دەرھال يىغىشتۇرۇپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ خالىي يەردە قېقىشتۇرۇپ، قاتلاپ ئېگىزرەك يەرگە ئېلىۋېتىدۇ. داستىخاننى شۇ پېتى قويۇپ قويۇشقا، مەينەت، ئەخلەت نەرسىلەر بىلەن بىللە يىغىشتۇرۇۋېتىشكە ياكى ئۆي ئىچىگىلا قېقىشقا، قالايمىقان قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى، مىللەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى)

# موزدوزنىڭ ئۈچ شاگىرتى



بار ئىكەن، يوق ئىكەن. ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. پاقا راۋاپچى، سالما غىجەكچى ئىكەن. تۈلكە ماراقچى، بۆرە قاراقچىكەن، يولۋاس پادىشاھ ئىكەن. شۇ زامانلارنىڭ زامانىدا شەھەردىن چەت بىر قورۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق خانىدا بىر ئەر-خوتۇن ئۈچ ئوغلى بىلەن ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغلى كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ، ھەممىدىن كەنجى ئوغلى بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەن. قارا قىشنىڭ زىمىستان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە موماي بىلەن بوۋاي ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوغۇللىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىشقا باشلاپتۇ.

— دادىسى، — دەپتۇ موماي بوۋاينىڭ ئۇچىدەك ئاقارغان ساقاللىرىغا، چىبەرقۇت تالاسىدەك قورۇق باسقان غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — باللىرىمىز كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. چوڭ ئوغلىمىز سايىتنى يا ئوقۇتمىدۇق، يا بىرەر ھۈنەرگە بەرمىدۇق. ئاڭلىسام شەھەردە ناھايىتى ئۇستا بىر موزدۇز بار ئىكەن. قوشۇلساڭلار سايىتنى شۇ ئۇستىغا شاگىرتقا بەرسەكمىكىن دەيمەن، بىزدىن كېيىن قالسا ئاسانراق نان يەر.

بوۋاي خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ-دە، ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ:

— مەنمۇ خېلى بۇرۇن شۇنداق ئويلىغانتىم. بىراق قولىمىز قىسقا، كەلسە-بارسا ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا چىقالماي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنتىم. خەير، نېمىلا بولسا سايىتنى ھۈنەرگە بېرىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بوۋاي چوڭ ئوغلى سايىتنى بىر مۇنچە سوۋغا-سالام بىلەن شەھەردىكى ھېلىقى داڭدار موزدۇزنىڭ ئۆيىگە شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي مەقسىتىنى ئېيتىپ سوۋغا-سالاملارنى ئۇستىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. موزدۇز ئۇستام سايىتنىڭ تەق-تۇرقىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇنى شاگىرتلىققا ئېلىپ قاپتۇ. بوۋايغا ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ ئوغلىنى كۆرۈپ كېتىشكە ئىجازەت بېرىپ بوۋاي بىلەن خوشلىشىپتۇ. بوۋاي موزدۇز ئۇستامدىن مىننەتدار بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي ئوغلى سايىتنى يوقلىغىلى
كەپتۇ. «ئوغلىڭىز ئىچكىردىكى ئۆيدە» دەپتۇ موزدۇز
ئۇستام ۋە بوۋاينى ئىچكىرىكى خانىغا باشلاپتۇ. بوۋاي
ئۆيگە كىرىپ ئەتراپقا كۆز تىكىپتۇ، ئوغلى كۆرۈنمەپتۇ.
ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىغانىكەن. ئۆينىڭ بىر
بۇلۇڭىدا ئىسسىقلىق تۇرغان سايىتنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ
قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. بوۋاي ھوشىغا كېلىپ
موزدۇز ئۇستامنىڭ خانىسىغا كىرىپ ئوغلىنىڭ نېمە
ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا سوراپتۇ.

ــ باشقا سەۋەب يوق، ــ دەپتۇ ئۇستام ھېچ ئىككى-
لەنمەستىن، ــ ئوغلىڭىز تۇنجى سىنىقىمدىن ئۆتەلمىدى،
شۇنىڭ ئۈچۈن كاللىسىنى ئالدىم.

بوۋاي يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىرى قايتىپ كېتىپ
ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان
سايىتنىڭ ئىككى ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش
ئۈچۈن ھېلىقى موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئىلتىماس
قىپتۇ. بوۋاي نائىلاج ئىككىنچى ئوغلىنى موزدۇزنىڭ ئۆ-
يىگە شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بېرىپتۇ، بىر ھەپتىدىن كېيىن
ئۇنى يوقلاشقا كېلىپ سۈرۈشتە قىلسا ئۇنىڭمۇ كاللىسى
ئېلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ يىغا-زار ئىچىدە قايتىپ كېتىپتۇ.
ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى دادىسىغا
قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش
ئۈچۈن موزدۇزدىن ھۈنەر ئۆگىنىشكە بارىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ ئىلاجىسىز ماقۇل
بوپتۇ. كەنجى ئوغلىمۇ ھېلىقى موزدۇز ئۇستامغا ھۈنەرگە
كىرىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىسمى ساقى ئىكەن. ئۇ ھەم
چېۋەر ھەم ئەقىللىق ئىكەن. موزدۇز ئۇستام ئەسلىدە
ئادەم گۆشى يەيدىغان جادۇگەر بولۇپ ھايۋانلاردىن
تارتىپ ئۇچار قۇشلارغا قەدەر ئۆزگىرەلەيدىكەن.
موزدۇز ئۇستامنىڭ ئاق كۆڭۈل ساددا بىر قىزى بار
بولۇپ ئىسمى رەيھان ئىكەن. رەيھان ساقىنىڭ ئەقىللىق
يىگىت ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ مۇھە-
بىتى ئېشىپتۇ. ساقىنىڭ بولسا بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمى-
غاچقا ئۆز ئىشى بىلەن يۈرۈۋېرىپتۇ. رەيھان بىر كۈنى دا-
دىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ
ساقىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا چاقىرىپتۇ-دە،
ئۇنىڭغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:
«ساقى، سېنىڭ ئىككى ئاكاڭنى مېنىڭ دادام يەپ كەتتى،
دادام ئەسلىدە يالماۋۇز نەسىللىك سېھىرگەر. ئۇ ئادەم
گۆشى يېيىشنى ئادەت قىلغاچقا بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن شا-
گىرتلارنىڭ كۆپىنچىسى ھايات قالمىدى. سېنىڭ ھاياتىڭ
قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈن ئى-
چىدە سېنىمۇ يەپ كېتىشى مۇمكىن. مەن بۇ سىرنى ساڭا
ئېيتمىسام بولاتتى. بىراق مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ
قالدىم. مەن بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ قوياي، دادام ئەتە-
ئۆگۈن ئىچىدە مۇنداق بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ: «ساقى،
سەن قۇمدىن يىپ ئېشىپ خىشتىن چەم كەس» سەن بۇ-
نىڭغا ماقۇل دەپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا دادامنىڭ قېشىغا
كىرىپ: «ئۇستام، قۇمدىن يىپ ئېشىپ، خىشتىن چەم
كېسىپ تەييارلىدىم. سىلە ئەمدى سۇ يىغىدىن كۆن كېسىپ
سۇدىن ئەستەرلەپ بەرسىلە، تىكىۋەتسەكمىكىن دەيمەن»
دەيسەن.

ئىككىنچى قېتىم ئۇ سېنى مۇنداق بىر ئىشقا بۇيرۇي-
دۇ، «ساقى، سەن ئۇلاغلارغا ئوت-خەس سېلىۋەت!»
ئۆزى مۈڭگۈزلۈك بىر قوچقارغا ئايلىنىپ ئوقۇردىن ئوت-
خەس يېگەن بولۇپ تۇرۇۋالىدۇ. سەن ئوقۇرغا سامان
سېلىۋاتقاندا ئۇ سېنىڭ تۇيۇقسىز تۇرغان ۋاقتىڭدىن پايدى-
لىنىپ ئۇسسۇپ ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيدۇ. سەن ئېغىلنىڭ
ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپلا قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىنى قولۇڭ
بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋېلىپ تامغا ئۇسسۇتۇپ ھالىنى قويما-
ساڭ ساڭا چېقىلالمايدۇ. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم سېنى جاڭگال-
دىن ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزى ئېشەككە ئايلىنى-
دۇ، جاڭگالنىڭ يېرىمىغا بارغاندا بىر ئەسكى تاملىق ئۇچ-
رايدۇ. ئېشەك شۇ جايغا بارغاندا سېنى ئەسكى تاملىق تە-
رەپكە سۆرەيدۇ. سەن ئېشەكنىڭ نوختىسىنى چىڭ تۇتۇ-
ۋېلىپ تاياق بىلەن كومشىرىغا قاتتىق ئۇرۇپ ئەسكى تام-
لىقتىن ئۆتكۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوتۇننى بولۇشىغا
ئارتىپ كەلگۈچە قاتتىق دۇمبالاپ كەل، شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇ ھەرگىز ساڭا چېقىلمايدۇ» دەپتۇ.

ساقى رەيھاننىڭ ئېيتقان سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساق-
لاپتۇ. بىر كۈنى موزدۇز ئۇستام ساقىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ
ۋە ئۇنىڭغا:

— ساقى، كەلگىنىڭگە ئۈچ-تۆت كۈن بولدى. قېنى سەن ھۈنەر ئۆگىنىشتىكى بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ باققىن. ئەتە ئەتىگەندە بىر خالتا قۇم، تۆت دانە خام خىش تېپىپ كېلىپ قۇمدىن يىپ ئېشىپ، خىشتىن ئىككى كىشىلىك چەم كەسكىن، مانا ماۋۇ ئەندىز، — دەپتۇ موزدۇز ئۇستام ساقىغا چەمنىڭ ئەندىزىنى سۇنۇپ.

— ماقۇل ئۇستام، — دەپتۇ ساقى ۋە باشقا گەپ-سۆز قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە موزدۇز ئۇستامنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «ئۇستام، خىشتىن چەم كېسىپ، قۇمدىن يىپ تەييار قىلدىم، سىلە ئەمدى سۇ يىغدىن تون كېسىپ سۇدىن ئەستەرلەپ بەرسىلە، تىكىۋېتەيمىكىن دەيمەن» دەپتۇ.

موزدۇز ساقىنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرماپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ھەيران بولۇپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ. ئۇ ئەتىسى يەنە ساقىنى چاقىرىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا: «ساقى، ئىچكىرىكى ئۆيدە بىر قوچقار بار، يەم-خەشەك سېلىۋەتكىن» دەپتۇ. ساقى دەرھال ھويلىغا چىقىپ بىر سېۋەت سامانىنى ئېلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، بارغانچە بېرىپ سامانىنى ئوقۇرغا تۆكمەستىن قوچقارنىڭ مۆڭگۆزىگە ئېسىلىپ قۇلىقى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ تام-تامغا ئۇسسۇتۇپ راسا دۇمبالاپ پۇخادىن چىققۇچە ئۇرۇپتۇ. قوچقار ھالسىزلانغاندىن كېيىن ساقى ئۆيدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرسە ئۇستىسى ئۆيدە ئىنجىقلاپ يېتىپتۇ. «ئۇستام، نېمە بوللا؟» دەپتۇ ساقى چاندۇرماي. «مىجەزىم يوق، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپتۇ ئۇستام.

ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، موزدۇز ئۇستام ساقىنى ئېشەك بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ساقى ئېشەكنى توقۇپ جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ. ساقى ئېشەكنى توقۇپ جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ، يېرىم يولغا كەلگەندە بىر ئەسكى تاملىق ئۇچراپتۇ. ئېشەك ساقىنى ئەسكى تاملىققا قاراپ سۆرەپتۇ. ساقى رەيھاننىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىغا مەھكەم ئېسىلىپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئېشەكنىڭ كومشىرىغا يېرىلغۇچە ئۇرۇپتۇ. ئېشەك قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ خېلى ئوبدانلا ياۋىشىپ قاپتۇ. ئەسكى تاملىقتىن ئۆتۈپ ساقى ئېشەكنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، بۇرنىغا ئۇچلۇق ياغاچ تىقىپتۇ. جاڭگالغا يېتىپ كېلىپ ھۆل ئوتۇننى بولۇشىغا ئارتىپ ئۇستىگە مىنىپ قولىغا تېخىمۇ يوغان تاياق ئېلىپ يول بويى ئېشەكنى ئۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئوتۇننى چۈشۈرۈپ ئېشەكنى ئېغىلغا سولىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ئۇستام ئىنجىقلاپ ياتقانمىش.

— مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟ — دەپتۇ ساقى ئۇستىسىغا.

— تېخى ھېلىراقتا ئۆگزىگە چىقاي دەپ شوتىغا چىققۇېدىم، پۇتۇم تېيىلىپ كېتىپ شوتىدىن يىقىلىپ چۈشتۇم، — دەپتۇ.

— يامان بوپتۇ ئۇستام، تېڭىقچى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — دەپتۇ ساقى ھېچ ئىش بىلمىگەن بولۇپ.

— بولدى، بولدى، ئاۋارە بولما، باللار تۇخۇم چېپىپ شاقىداپ قويسا ساقىيىپ كېتىمەن، — دەپتۇ موزدۇز ئۇستام.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. ساقى موزدۇز ئۇستامنىڭ ھۈنىرىدىن بۇرۇن سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىۋاپتۇ-دە، ئۇستامنىڭ رۇخسىتىسىزلا قايتىپ كېتىپتۇ. ساقىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇرسەن بوپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ساقى ئۇستامدىن موزدۇزلۇق ئەمەس سېھىرگەرلىك ھۈنەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئاتا-ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاتا-ئانىسى ساقىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ھەيران قاپتۇ. ئوغلىدىن كۆپ مىننەتدار بوپتۇ، بىر بازار كۈنى ساقى دادىسىغا مۇنداق بىر مەسلىھەت بېرىپتۇ: «دادا، مەن بۈگۈن بىر سېمىز قويغا ئايلىنىمەن، مېنى سىلەر بازارغا ئاپىرىپ سېتىڭلار، باھانى بەكمۇ ئۇستۈن قويۇڭلار، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق كىشىگە باش بېغىمنى ھەرگىز بەرمەڭلار» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ساقى ناھايىتى سېمىز بىر قوچقارغا ئايلىنىپتۇ. ساقىنىڭ دادىسى قوچقارنى بازارغا يېتىلەپ كىرگەنىكەن، نۇرغۇن خېرىدار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ساقىنىڭ دادىسى قوچقارغا ناھايىتى ئۇستۈن باھا قويۇپتۇ، بىرسى بىر نېمە دېسە يەنە بىرسى بىر نېمە دەپ قوچقارنىڭ نەرقىمۇ بېكىتىلىپ قاپتۇ، ئارىدىن بىر بايۋەتچى چىقىپ قوچقارنى سېتىۋاپتۇ.

ساقىنىڭ دادىسى سودا-سېتىق قىلىپ ئۆيگە كەلسە ساقى ئۆيدە ئولتۇرغانمىش. دادىسى ساقىنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ساقىنى باغرىغا بېسىپتۇ. ساقى بىر نەچچە ئايغىچە سېھىرگەرلىك ھۈنەرنى ئىشقا سېلىپ دادىسى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ، ئائىلىسى كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر بازار كۈنى ساقى بىر تۆگىگە ئايلىنىپتۇ. دادىسى بۇرۇنقىدەكلا بازارغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھا قويۇپتۇ. خېرىدارلار باھاغا چىقىشالماي قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بولۇۋاتقان سودىنىڭ ئۈستىگە قاسساپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ساقىنىڭ ئۇستىسى كېلىپ قاپتۇ. ساقىنىڭ دادىسى موزدۇز ئۇستامنى تونۇماي سالاملىشىپتۇ. موزدۇز ئۇستام تۆگىنىڭ باھاسىنى ساقىنىڭ دادىسىدىن ئاڭلاپ باھا تالاشماي دېگەن پۇلنى بېرىپتۇ. بىراق ساقىنىڭ دادىسى نوختىسىنى بەرمەپتۇ. موزدۇز ئۇستام تۆگىنىڭ باھاسىغا يەنە ھەسسە باھا قوشۇپ بېرىپ ئاخىرى تۆگىنىڭ نوختىسىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ. ئۇستام ساقىنى قولغا چۈشۈرگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۆيگە بارغۇچە تۆگىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ يول بويى قاتتىق دۇمبالاپتۇ. ئۇستام تۆگىنى مىنىپ ئۆيگە بېرىپ ئىشىك ئالدىدا قىزى رەيھاننى تۇۋلاپتۇ. ئۇستامنىڭ قىزى ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا تۆگە سىياقىدىكى ساقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ ئۇستام، — چاپسان بول، تاختىبېشىدا چاقلىتىپ قويغان ئىككى دانە پىچاق بار، چاپسان ئېلىپ چىق ماۋۇ تۆگىنى ئۆلتۈرىمىز.

رەيھان دادىسىنىڭ يامان نىيىتىنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەچكە ئۆيگە كىرىپ كېتىپ تاختىبېشىدىكى پىچاقنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن چىقىپتۇ ۋە دادىسىغا: «دادا، ئاختۇرمىغان يېرىم قالمىدى، سەن دېگەن پىچاقنى زادىلا تاپالمىدىم» دەپتۇ. ئۇستام قىزغا بىر نەچچە ئېغىز كايىغاندىن كېيىن تۆگىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى پىچاق ئىزدەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. رەيھان تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «ساقى، سەن دادامنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسەن. بۇ قېتىم ئۇ سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇرسەت يوق، تېز قېچىپ كەت» دەپتۇ. ساقىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىرلا ۋارقىرىغانىكەن، قىز «ۋايجان» دەپلا تۆگىنىڭ باشبېغىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ساقى بىر سىلكىنىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇستام چىقىپ قارىغۇدەك بولسا تۆگە يوق، ئاسمانغا قارىسا كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلغۇدەك. موزدۇز ئۇستاممۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي لاچىنغا ئايلىنىپ كەپتەرنى قوغلاپتۇ. ساقى بۇنى سېزىپ قېلىپ شاھزادىنىڭ سەيلە قىلىدىغان بېغىغا چۈشۈپ ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئايلىنىپتۇ. باغ ئايلىنىپ گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتقان شاھزادىنىڭ مەلىكىسى شاختىكى چىرايلىق ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ئېلىپ چېكىسىگە قىسىۋاپتۇ. ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئۇستاممۇ دەرھال يەرگە چۈشۈپ بىر تىلەمچى بوۋايغا ئايلىنىپتۇ. شاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ساپايى سوقۇپ قاتتىق سازا قىپتۇ. مەلىكە ئىشىككە چىقىپتۇ، تىلەمچىگە نان بېرىپتۇ. تىلەمچى ناننى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. مەلىكە پۇل بېرىپتۇ. ئالماپتۇ، تىلەمچى مەلىكىنىڭ چېكىسىدىكى گۈلنى تىلەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ساقى بىر سىلكىنىپ مەلىكىنىڭ چېكىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ-دە، خورازغا ئايلىنىۋاپتۇ. موزدۇز ئۇستام ئىتقا ئايلىنىپ خورازغا ئېتىلىپتۇ. ساقى ھوشيار كېلىپ بۆرىگە ئايلىنىپتۇ-دە، ئىتنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر سىلكىنىپ قاۋۇل بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، بۇ ئىشتىن مەلىكە ھەيران قاپتۇ. ساقى بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئۈچ كۈن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ساقىنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياراملىق بىر ئات مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ساقى ئۆيگە بېرىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئىككى ئاكىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ موزدۇز ئۇستامنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دادىسى ساقىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ساقى يەنە بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن رەيھان بىلەن كۆرۈشۈپ توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ، يۇرت ئىچىدە ناھايىتى چوڭ توي قىلىپ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

توپلىغۇچى: كونىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن: تۇرسۇن ئۆمەر

تەييارلىغۇچى: ئەزىزە تۇيغۇن



# ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيە ئادەتلىرى

ئابدۇراخمان سادىق (ئۆزبېك)

## پەرزەنت تەربىيەسى

ئەلمساقتىن تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن- ئېغىزغا ئۆلىنىپ كېلىۋاتقان ھېكمەتلىك سۆزلىرىمىزدىن بىرى بولغان «ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن»دىن ئىبارەت ئىككى كەلىمە سۆز ئەل ئىچىدە، ئادىمىيلىككە، ھۆرمەتكە تويۇنغان ئىبارە بولۇپ مېھرىبانلىقنى ۋە كۆيۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە چىن ئەقىدە جۈملىسىدۇر.

دادام «ئوغلۇم، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەنلەرنى يوقلاپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويمىغىن، بىز بۇ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن سەن نەدە ئولتۇرۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر چوقۇم بىزنى كۆرگەن، بىزنى بىلىدىغانلارنى يوقلاپ تۇر، ئۇلار ساڭا ئاتا ھەم ئانا يوللۇق، ئۇلار ساڭا ئاتا - ئانا مېھرىنى بېرىدۇ» دەپ تاپىلايتتى، دائىم مېنى بوۋامنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە، ئۆلۈپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىراتتى، بۇ دادامنىڭ ئاغىنىسى، بۇ دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ بالىسى، بىزدىن كېيىن قالساڭ يوقلاپ تۇرغىن دېگىنىدە، ئۇلار دادامغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتەتتى. بىز بارغانلارنىڭ ئىچىدە مانجۇ، خەنزۇ، شىۋە، قازاقلارمۇ بار بولۇپ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى، دادام بوۋامنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئىناق - ئىجىل ئۆتكەن تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى پات - پات سۆزلەپ بېرەتتى، شۇ چاغدا گەپلىرىنى شۇنداقلا ئاڭلاپ قويۇپتىكەنمەن، زېھنىمنى قويۇپ ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالىمەن. ئاتامنىڭ بۇ نەسىھىتىنى ياشلىقىمدا ئانچە ئېرەن قىلمىغان بولساممۇ، چوڭلار دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، دادامنىڭ ئاشۇ ئىككى كەلىمە سۆزىنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ئاتا - ئانام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خۇددى ئىككى قانىتىنى كېسىۋەتكەن كەپتەردەك بىچارە بولۇپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىمدا ئاتا - ئانامنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى، يېقىن ئۆتكەن كىشىلىرى، خىزمەتداشلىرى، ھەمسۆھبەتتە بولغان سىرداشلىرى مېنى يوقلاپ كەلگىنىدە ۋۇجۇدۇمدا تۇيۇقسىزلا ئاجايىپ بىر سېزىم پەيدا بولاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ خۇددى دادام بىلەن ئانامنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كېتەتتىم - دە، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلاپ كېتەتتىم، ئۇلارنى قۇچاقلىغاندا ئاتا - ئانامنىڭ ھىدىنى ھىدلىغاندەك دىلىم يورۇپ، كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى.

دېمەك ئۇلارنى كۆرگەندەك گويا ئاتا- ئانامنى

كۆرگەندەك بولۇپ قالاتتىم. بىچارە ھالىمنى كۆرگەن دادامنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى ئاتامدەك باشلىرىمنى سىلاپ غەمكىن دىلىمغا مەلھەم بېرەتتى، تەسەللى بېرەتتى، تەربىيە بېرەتتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئاتا كۆرگەن ئانا كۆرگەنلەرنى دائىم يوقلاپ تۇرىدىغان، مۇڭدىشىپ كېلىدىغان بولدۇم. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغىنىمدا ئۆز ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىگە بارغاندەك ھۇزۇرلىنىپ خۇشاللىقىم جىسمىمغا پاتمايلا قالاتتى.

پەرزەنتلەرنىڭ تويلىرى ۋە باشقا خۇشاللىق ئىشلارغا ئۇلارنى شاھىت قىلىپ «ئاتا يوللۇق، ئانا يوللۇق» مەسلىھەت سوراپ ئىشلىرىمىزغا باش قىلغاندا كۆڭلۈم توق بولۇپ، ئاتا-ئانام يېنىمدا تۇرغاندەك يۈرىكىم پۈتۈن تۇراتتى.

ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەنلەر بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كەتكەن بۇرادەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى پات-پات بېرىپ يوقلاپ ھال-مۇڭىغا يېتىپ، پىنھان يۈرەكلەرگە مەلھەم بولغىنىدا كۆز ئالدىمىزدا ئاتا-ئانىمىزنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ، ۋۇجۇدىمىز كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپ قالىمىز.

ئىنسانلارنىڭ قېنىدا مېھىر-مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، ئىززەت-ھۆرمەتلىرى، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەنلەر دوستىنىڭ، خىزمەتداشىنىڭ، قوشنىلارنىڭ باللىرىنى كۆرگەندە ئاتا-ئانىسى ئورنىدا باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشى، قىيىنچىلىقتا يۆلۈقسالىق ئاتا-ئانالىق ئورنىدا مېنى ئىزدە، مانا بىز سېنىڭ ئاتا-ئانالىق دېگەندەك كۆيۈنۈشلەر تۇرمۇشىمىزدا دائىم پارلاپ تۇرىدۇ. بۇ بىر مىللەتنىلا ئەمەس ھەر مىللەت بىلەن بولغان دوستلىقىمىزدا ئىسپاتلىنىپ بۈيۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقى نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۆتكەن زاماندا بىر دانىشمەننىڭ ئوغلى ئۆز يۇرتىنى يەنى ئاتا-ئانىسىنىڭ دوست-بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا كەپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرتداشلار دانىشمەننىڭ ئوغلىنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ يۇرتىغا كېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ سىماسىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرگەندەك بوپتۇ، خوشلىشىپ مېڭىش ئالدىدا بىر بوۋاي ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىپ يىگىتكە سالام قىلىپ، «كەچۈرۈڭ ئوغلۇم، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزدىن كېچىكىپ خەۋەر تېپىپتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا ئاتىڭىز بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بولغانمەن ھەم ئاتىڭىزدىن بىلىم ئالغانمەن. بۈگۈن سىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. چېھرىڭىزدىن ئۇستازنى يەنى ئاتىڭىزنى كۆرگەندەك بولدۇم» دېگەندە ئۇ يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇ كىشىنى ئۇزاق قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىپ ئۇستىدىكى ئېسىل لىباسنى، تۇماقلىرىنى سېلىپ ئۇ كىشىگە كىيدۈرۈپتۇ، ئەتراپتىكىلەر «ئەي يىگىت، سىز ئەزەلدىن كۆرمىگەن كىشىگە ئاتىڭىزنى تونۇيمەن دېسە ئېسىل لىباسىڭىزنى، كەمچەت تۇماقلىرىڭىزنى كىيدۈرۈپ قويدىڭىزغۇ» دېگەندە، «شۇنداق ئۇ كىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەمما ئۇ كىشىنىڭ چېھرىدىن، تامچىلىغان كۆز ياشلىرىدىن ئاتام بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقى، ئاتامدىن بىلىم تەھسىل قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، يەنە ئۇ كىشىدىن ئاتامنىڭ ھىدىنى ھىدلىغاندەك بولدۇم، ئۇنى كۆرۈپ ئاتامنى كۆرگەندەك بولدۇم» دەپتۇ.

يۇقىرىقى سۆزدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش، ئاتا-ئانا ئورنىدا ھۆرمەتلەش مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق نىزاملىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى تاشلاپ قويماي ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش زۆرۈردۇر.

1. ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-تۈزۈم تەربىيەسى بىزدە «ئادەم قولاقتىن، مال تۇياقتىن» دېگەن ئەقەللىي سۆز بار. پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشنى «نۆل ياش» تىن تەربىيەلەشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، دېمەك بوۋاقلار تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ قۇلاق ئاڭلايدۇ، سەزگۈ ئەزالىرى نورمال ئىشلەيدۇ، دېمەك نېمە دېسەك شۇنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلىپ مېڭىدىكى ساقلاش ئامبىرىدا ساقلايدۇ، تەدرىجىي چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بالىدىكى ئاڭلاش سېزىمى ئارتىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ياخشى سۆزنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، يامان سۆزلەرنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەر ئالدىدا گۈزەل خۇلق، سىلىق-سىپايە مىجەز بولۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھىمى ئەخلاقسىز، تىل-ھاقارەت سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك.

ئاتا-ئانىلارنىڭ مىجەزى چۇس بولسا پەرزەنتلەردىمۇ شۇ مىجەز يېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيەلەش زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

2. پەرزەنتلەرگە ئايىغى چىقىپ سۆزلىيەلەيدىغان چاغدىن باشلاپ ئەدەپ-قائىدە يوسۇنلارنى ئۆگىتىدۇ، قىز-ئوغۇللارنىڭ ئولتۇرۇپ-تۇرۇشى، غىزالانغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە مېھمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، تاماق ئېتىش، كىتاب ئوقۇش،

ئۆي ۋە ئاشخانا، شەخسىي تازىلىق تەربىيەسى، ئائىلە مالىيەسىنى باشقۇرۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادىمىيلىك، كىيىنىشتىن ئىبارەت بىر قاتار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلاردا مەخسۇس تەربىيەلەش ئېلىپ بارىدۇ، ئۆي ۋە سىرتلاردا يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشنى مەنئى قىلىدۇ. يىگىت توي قىلغاندىن كېيىن ئىككى ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئايالىغا ۋاپادار ئائىلىسىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۈلگىلىك دادا بولۇش، قېيىنئاتا، قېيىنئانىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشنى ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىكنى، قىزلارغا ھەم شۇنداق تەلەپ قويۇشتىن باشقا شەرمى ھايالىق، ئېرىغا ۋاپادار بولۇشنى، پەرزەنتلەرنى بىلىملىك تەربىيەلەش تەربىيەسىنى دائىم تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

3. قىز-يىگىتلەر بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ يۇقىرىدا دېيىلگەن بارلىق ئىشلارغا سالىدۇ، بىر-بىرلەپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدۇ، قىزلارنى توي قىلىشتىن بۇرۇن لاياقەتلىك قىلىپ ئاندىن تۇرمۇشلۇق قىلىدۇ. قىز-ئوغۇللارنىڭ قۇدىلار ئالدىدا بىرەر ئىشى چالا قىلىپ قۇدىلارنىڭ خىزمىتىنى جايىدا قىلالمىسا، قۇدىلار ئالدىدا «پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىمەپتۇ» دېگەن ئىزاغا قالىدۇ.

4. يىگىتلەرنى سودىغا پىششىق، بىلىملىك، ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئائىلە مالىيەسىنى ياخشى باشقۇرۇپ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىپ پەرزەنتلەر ئۈچۈن بىر ئابىدە تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوغلىنى سەن ئەمدى بىر ئائىلە باشلىقى بولسەن، ئائىلە باشلىقى بولۇش دېگەنلىك ئائىلىگە زوراۋان بول، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى خوتۇنىنىڭ مەھرى ھەققىنى ئادا قىلىشنى، ئائىلىنى باياشات، خاتىرجەم تۇرمۇشقا كاپالەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئائىلىدە ئايالى ۋە باللىرىنى غورىگىل تۇرمۇشقا قويسا قۇدىلار ئالدىدا بىزنى ئىزاغا قويىدۇڭ، بەرگەن سۆتۈمگە رازى ئەمەس دەپ ئوغلىنى ئەيىبلەيدۇ، ئەرلەرگە ئائىلىلەر ئىشلىرىنى ئورتاق قىلىشنى، ئايالى تاماق ئەتسە ئەرلەرنى بالىلارغا قاراشنى، ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىشنى، ئايالىنى ئاسراشنى، كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىكنى، ئايالىنى «چېچى ئۇزۇن ئەخلى قىسقا» دەپ كەمسىتىپ قاتتىق گەپ قىلىپ دىلىغا ئازار بەرمەسلىكنى، ھەرقانداق ئىشتا ئايالى بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىشنى، ئائىلىدە ۋە كىشىلەرگە ئەپۇچان بولۇشنى، ئەر-ئاياللار ئۆزئارا ئەپۇچان بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، بىر-بىرىگە ئىشىنىشنى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى، ئېغىر-بېسىق، سەۋرچان بولۇشنى، «سەپىلىك بولغۇچە، ئەپىلىك» بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

5. قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەرگە تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا بولۇشنى، تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇش ئۈچۈن بەتخەجلىك قىلماسلىقنى، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچقۇچى، جان تومۇرى ئىقتىساد ئىكەنلىكىنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ. قىزلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن، زىبالىقى، مۇلايىملىقى، چاققانلىقى، پاراسەتلىك، لەۋلىرىدە كۈلكە تېمىپ تۇرغان ئاۋازى، ھايالىقى بىلەن ئۆيىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان، ئۆزىگە بەخت تاپالايدىغان، يېڭى ئائىلىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بولغان قېيىنئاتا، قېيىنئانىلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغان كېلىن بولۇش تەربىيەسىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

6. يۆتەل ۋە چۈشكۈرۈش، ئەسنەشلەر ئادەم دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئورگانىزملارنىڭ غىدىقلىشىدىن پەيدا بولغان نورمال ئەھۋال بولۇپ دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، زۇكام ۋە ئۆپكىگە سوغ تەگكۈزۈۋېلىشتىن پەيدا بولىدىغان نورمالسىز يۆتەل ۋە چۈشكۈرۈشلەر بولسۇن ئەتراپتىكى كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغان تۇرمۇشىمىزدىكى نۇقسانلار، دېمەك ئائىلىدە ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا يۆتەلگەندە، ئەسنىگەندە، چۈشكۈرگەندە كەينىگە بۇرۇلۇپ قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز بۇرنىنى ئېتىۋېلىشنى، ئېغىرراق بولسا تازىلىق ئۆيىگە كىرىشنى، ئەسنىگەندە ئالقىنىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزنى توساپ كىشىلەرگە قارىماي يېنىغا قاراپ ئەسنەشنى تەكىتلەيدۇ. ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ تۇرۇپ ئەسنەش، چۈشكۈرۈش يۆتىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ دەپ تەربىيە بېرىدۇ، چىش كولاشمۇ ھەم شۇنداق.

ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇپ گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلەرنى پەرزەنتلەرگە كىچىكىدىن ئۆگىتىپ پەرزەنتلەرنى قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان، كىتاب ئوقۇيدىغان، بىلىم شەيداسى، غايىلىك قىلىپ تەربىيەلەش، جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە يارامىلىق ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان يۇقىرى بىلىملىك ھەم ئۇنىۋېرسال ساپالىق پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىقىش ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان جاپالىق ئۇلۇغ ۋەزىپىسىدۇر.

مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئەقىدە ھەققىدە

دوستلۇق مۇقەددەس سۆز، دوستلۇق ئىززەت-ھۆرمەت، سەمىمىيەت، ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى، چىن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئارىدىن سۇ ئۆتمەيدىغان قىلىپ

تاۋلايدۇ. سىز ئۇچۇن قايغۇرىدىغان دوستىڭىز بىرسى بولسا بۇ سىزنىڭ بايلىقىڭىز ھەم بەختىڭىز.

ئۆزبېكلەر قېرىنداش مىللەتلەردەك دوستلۇقتا كۆز قاراشنىڭ بىردەكلىكىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ، دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا سادىق دوستىڭىز بولسا بۇيۇك بەختكە ئېرىشكەن بولىسىز. مېنىڭچە دوستلۇق سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

دوستلۇق مۇناسىۋەتتە دوستلارغا قەلبى ئەينەكتەك سۈزۈك ھەم پاك بولۇشنى دوستلۇق نىزامى قىلىدۇ. سەمىمىي ياخشى دوست يۈرەكتىكى تىكەننى ئاغرىتماي ئالالايدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي دوست. ئەل- ئاغىنە ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە سەمىمىي سادىق بولۇپ تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، كۈلسە كۈلكىسىگە، يىغلىسا يىغىسىغا شاھىت بولۇپ ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇپ ياردەم قىلىش، دوست ئۈچۈن سۇغا سەكرىيەلەيدىغان، ئوتقا كىرەلەيدىغان، زۆرۈر بولسا قان بېرىپ جېنىنى قۇتقۇزىدىغان دوست ھەقىقىي دوست دەپ قارايدۇ.

جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر پۇللۇق كىشىلەرگە ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىدۇ، ھەيدىسىمۇ زىنھار كەتمەيدۇ، كۆرۈنۈشتە يېقىن دوستلاردەك بولۇۋالىدۇ، ماھىيەتتە مەن سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ دەپ دوستىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شېرىن تاتلىق سۆز- ھەرىكەتلىرى بىلەن دوستىنى ئالدايدۇ، پايدىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ دوستىنىڭ بېشىغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا، ياردەم سوراپ ۋە ياكى مەسلىھەت سوراپ بارسا دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ مال- دۇنياسىغا، يانچۇقتا بارىغا دوست ناباب كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر ھېلىسى تولا تىلى تاتلىق، يۈرىكى قاتتىق كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامان ئىشلار كېلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاق كۆڭۈل دوستلۇقتىن پايدىلىنىپ ئارزۇسىغا يېتىشنى ئويلايدىغان قارا كۆڭۈل رەزىل كىشىلەردۇر. خۇددى قاسىم سىدىق ئېيتقاندەك:

قىينىلىپ كەتمەننى چاپسام بىرسى يوق،
پاتسا ھارۋام تەستە تاتسام بىرسى يوق.
ئۇخلىماي توپاننى ئاتسام بىرسى يوق،
چەشلىسەم شۇنداقلا تەييارىمغا دوست.

دېگەن شېئىرى ئۇنىڭ دەلىلى.

ئۆزبېكلەردە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۇلپەتچىلىكتە گۈل تاجى بولغان «مەڭگۈلۈك دوست»لۇق مۇناسىۋەتنى ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان، كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ بۇ ئېسىل دوستلۇق ئەخلاقنى داۋام قىلىپ كەلگەن ئېسىل پەزىلەت ھەم ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۆزبېكلەردىكى مەڭگۈلۈك دوست بولۇش نوقۇل ئۆز مىللىتىگە قارىتىلغان ئەمەس، بىر مۇھىتتا يەنى جەمئىيەتتە بىللە ياشاۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن مەڭگۈلۈك دوست بولۇپ كەلگەن.

مەڭگۈلۈك دوستلۇق يېقىن دوستلار ئىككى ئائىلە ئەزالىرىنى، قولۇم- قوشنىلارنى، يۇرت چوڭلىرىنى گۇۋاھلىققا قويۇپ، مەڭگۈ دوست بولۇشقا ۋەدىلىشىدۇ. ئىككى دوست ۋەدىلەشكەندىن تارتىپ سېنىڭ- مېنىڭ دېيىشمەيدۇ. مەڭگۈ بىر- بىرىگە سادىق بولۇپ، جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئۆزئارا يار- يۆلەك بولۇپ، بىر- بىرىگە خىيانەت قىلماي جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئەلنىڭ ياخشى ئوغلانى بولۇش شەرت قىلىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك دوستلۇقنىڭ مۇھىم نىزامى.

دوستى پېشكەللىككە ئۇچرىسا دوستىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش، باللىرىغا ئۆز باللىسىدەك قاراش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش، لەۋزىدە تۇرۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سىز دوستىڭىزغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىڭىز ۋە ياكى دوستىڭىز مەلۇم بىرسىگە مۇھىم بىر نەرسىنى ئاپىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان بولسا، سىز ئاپىرىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان بولسىڭىز، سىز چوقۇم ۋەدە قىلغان ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك. دوستىڭىز ئۇزاق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئاتا- ئانىسىغا قاراپ قويۇشنى تاپىلىغان بولسا دوستىڭىز سەپەردىن كەلگىچە ئۆز باللىسىدەك دوستىڭىزنىڭ ئاتا- ئانىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش چىن دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى.

جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ گۈزەل دەۋردىمۇ مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئورنىتىش تېخىمۇ مۇھىمدۇر. مەڭگۈلۈك دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ياخشى ئابىدە تىكلەش بىلەن بىللە، دوستلۇقنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

(ئاپتور: ئۇرۇمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ پېنسيونېرى)



# ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ رولى

بۇسارەم ناسىر

ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى 1- ئورۇنغا قويۇشتەك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈلمىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرغىلى، شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى مەدەنىيەت خادىملىرى پارتىيەمىزنىڭ «مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش» چاقىرىقىغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ ھەم ماسلىشىپ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشى، ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ۋە ئاممىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خادىملىرىغا قويۇلىدىغان خىزمەت تەلىپىنى چىڭىتتى، تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى زامانغا لايىق يوسۇندا كۆپ ئىقتىدارلىق قىلىشقا يىلمۇيىل مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەرلىكتىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چېنىقىش، كۆڭۈل ئېچىش، كوللېكتىپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈش ھەم قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ئېشىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپە دائىرىسى بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسى بولغاندىن سىرت، ئامما ئارىسىدىكى مەدەنىيەت قابىللىرى ۋە مەدەنىيەت ھەۋەسكارلىرىنى بايقاش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، ئامما ئارىسىدىكى مەدەنىيەت تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يۇقىرىغا تەۋسىيە قىلىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ ئوتتۇرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش، ئەل نەغمىچىلىرى، قول ھۈنەر ئۇستىلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئىجتىمائىي ۋەزىپە-مەسئۇلىيەتلىرى بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت-سەنئەت ۋاستىسى ۋە تۈرلۈك تەشۋىقات يوللىرى

ئارقىلىق ئاممىغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى، سوتسى-
يالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ
ھەر تەرەپلىمە پايدىسىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئەبەدىي
ئەمىنلىكنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىپ گۈل-
لىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ روناق تېپى-
شىدىكى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇ-
رۇش ۋەزىپىسى بار.

مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى مەنىۋىيەت باشلامچىلىرى
بولۇپ، ئاممىنى يېتەكلەش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلى-
قى، ئېتىبار سىياسەتلەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەۋزەل
تەرەپلىرى ۋە ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كې-
شىلىرىدەك ئۆتۈشىنىڭ، جۈملىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
ئاممىغا ھەر تەرەپلىمە ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر،
شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرمىلىرىنى كونكرېت ئىجرا قىلغۇچىلىرى ھېسابلى-
نىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى بۇرۇنقى
ئەنئەنىۋى خىزمەت كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ زامانغا لايىق
مەدەنىيەت ساپاسى ھازىرلاشقا ئەھمىيەت بەرمىسە نۆۋەت-
تىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت ۋە-
زىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى نۆۋەتتىكى تەشۋىقاتنىڭ
مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا ئاممىنى مەدەنى-
يەت ئارقىلىق تەربىيەلەش، يېتەكلەشكە كۈچەپ ئەھمىيەت
بېرىشى كېرەك. مەدەنىيەت ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلەش
تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ياخشى ئۇسۇل، شۇڭا مەدەنىيەت-
تەنتەربىيە، رادىيو-تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى، جۈملىدىن يېزى-
لىق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلى-
ھەلىرى قۇرۇلۇشىغا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەربىيەلەش-
كە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا ھەرقايسى
كەنتلەردىمۇ مەدەنىيەت ئۆيى، دېھقانلار قىرائەتخانىلىرىنى
قۇرۇپ ئاممىغا مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيەلىنىش، مەدەنى-
يەت بايلىقلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، مەدەنىي پائالىيەت-
لەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش شارائىتى ھازىرلىنىۋاتىدۇ. بۇ نا-
ھايىتى ياخشى يۈزلىنىش، مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى
مۇشۇ خىلدىكى پايدىلىق شارائىتلارنىڭ رولىنى جارى قىل-
دۇرىدىغان ئەمەلىي مەشغۇلاتچىلار بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ۋە-
زىپە-مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇشى، ئادا قىلىشى كېرەك.
ھازىر ھەممىلا يېزىدا دېگۈدەك مەدەنىيەت پونكىتى بار،
بۇ پونكىتلارنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ
ئېھتىياجىنى تولۇق قامدايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈلگەن،
يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى كەنت-مەھەللىلەردىمۇ مەدە-
نىيەت ئۆيلىرى بار. مەيلى ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى مە-
دەنىيەت خىزمەتچىلىرى بولسۇن ياكى يېزا-كەنت (مەھەل-
لە)لەردىكى مەدەنىيەت خادىملىرى بولسۇن، ئۆزئارا ھەم-
كارلىقنى كۈچەيتىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغانلا
بولسا، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش-
تىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ
كېتەلەيدۇ.

مەدەنىيەت خادىملىرى يەنە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىز-
مىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە
ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى
كېرەك. ئامما ئارىسىدا ئاممىۋى مەدەنىيەتكە قىزىقىدىغان-
لار ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدە مۇئەييەن ئارتۇقچى-
لىقى بار كىشىلەر ھەممىلا يېزا-كەنتلەردە ئۇچرايدۇ. يې-
قىنقى يىللاردا شارائىت چەكلىمىسى ۋە پائالىيەتلەرنىڭ
كۆپلەپ دائىم ئۆتكۈزۈلمەسلىكى، بايقاش، قېزىش، يېتەك-
لەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتار-
لىق ئەمەلىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاممىۋى تەنتەربىيە
ئىشلىرى سىجىل تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەنىدى. يېقىنقى
بىر نەچچە يىلدا ئاممىۋى مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىشلىرىغا
تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈندى.
يېزا-كەنتلەردە ھەممە تەل بولدى، ئەمدىكى گەپ مەدە-
نىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇ-
رالماسلىقىدا قالدى. مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئۆزىنىڭ
پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەم بولسا
بولمايدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى تونۇغان ئاساستا مۇنا-
سىۋەتلىك ئورۇنلار، جۈملىدىن يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈ-
مەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئاساسىدا مەدەنى-
يەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشتا ئىجادىيلىقتا، يېڭىلىقتا يۈز-
لىنىپ ئاممىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىغا، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، مايىللىقىنى قولغا
كەلتۈرۈشكە تۈرتكىسى بولىدىغان تۈرلۈك مەدەنىي
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە پائا-
لىيەتلىرىنى تەشكىللەپ ئۆتكۈزۈپ يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈ-
مەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشىغا تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىشى، ئاممىنىڭ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇ-
رۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

(ئاپتور: قومۇل شەھىرى ئۇدۇرغول رايونى پالۋانتۇر بازارلىق
مەدەنىيەت پونكىتىدا)



# ئاياللار پەردازچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلەر

گۈلنۇر تالىپ

پەرداز قىلىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش قەدىمكى زامان-
لاردىكى ئىنسانلارغا ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ
ئوخشىمىغان رايون ۋە خەلقلەردە ئىلگىرى - كېيىن مەي-
دانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى فولكلورلۇق ئادەت ھېسابلى-
نىدۇ. ھۆسن تۈزەش ۋە پەرداز قىلىش تۇرمۇشتىكى بىر
خىل سەنئەت، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى گۈزەللەش-
تۈرۈشىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.
پەرداز قىلىش نوقۇل يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈركەش
بولماستىن، بەلكى ئىلمىي، ساغلام ئۇسۇلنى ئىگىلەپ،
تۈرلۈك رەڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ
چىراي ۋە كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان
گۈزەل، يېقىملىق قىياپەتنى يارىتىشتىن ئىبارەت. مۇۋاپىق
ھەم لايىقىدا قىلىنغان پەرداز خانىم - قىزلارنىڭ كىشىلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى روھلۇق، ئەركىن - ئا-
زادە تۇتۇشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ ھەقتە «دى-
ۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ پەرداز ئادەتلىرى ۋە پەرداز
بۇيۇملىرىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى ئانىلىرىمىز
ئۆزگىچە كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۆ-
زىگە خاس گۈزەللىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، سىن
- سىياق، مىجەز - خۇلق گۈزەللىكىدىمۇ كۈچلۈك مىللىي
تۈسكە ئىگە ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار گۈزەللىككە
بولغان ئارزۇلىرىنى پەرداز قىلىش ئارقىلىق قاندۇرغان.
ئۇلار يۈزىگە يىپ سېلىش، قاش تېرىش قاتارلىق تەبىئىي
پەردازچىلىق ئارقىلىق ھۆسنىنى گۈزەللەشتۈرگەن بولسا،
چاچلىرىنى قېتىق بىلەن يۇيۇپ، جىگدە ۋە ئۆرۈك يېلىم-
لىرىنى چىپىپ چېچىنىڭ ئۇزۇن ئۆسۈشى ۋە قارا بولۇشى-
نى ئىشقا ئاشۇرغان. قېشىغا ئوسما قويۇپ، ئىگىز قارا
سۈركەپ، قول - پۇت تىرناق ۋە قول - پۇت ئالقانلىرىغا
خېنە ياققان، كۆزىگە سۈرمە سۈرگەن، خۇشبۇي بولۇش
ئۈچۈن ئىپار، زەپەر، سەندەل، ئەنبەر قاتارلىقلارنى يېنى-
دا ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. تۆۋەندە خەلقىمىز ئاياللىرى
پەردازچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەتلەردىن يىپ

سېلىش ئادىتى، قاش تېرىش ئادىتى، چاچنى قېتىق بىلەن يۇيۇش ئادىتى، يېلىم چېپىش ئادىتى، ئوسما قويۇش ئادىتى، ئىگىر قارا سۈركەش ئادىتى، خېنە يېقىش ئادىتى، ئەڭلىك سۈرتۈش ئادىتى، سۈرمە سۈرۈش ئادىتى، كىيىنىش ئادىتى، چاچ قويۇش ئادىتى ۋە يېنىدا خۇش پۇراق بۇيۇملارنى ساقلاش ئادىتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**يىپ سېلىش ئادىتى:** يىپ سېلىش تەبىئىي پەردازنىڭ بىر خىلى. ئۇ ئايال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھۆسن تۈزەش ئۇستكىدە قەدىمكى دەۋردە بەرپا قىلغان پەردازلىنىش ئادىتى. بۇنىڭدا موچىن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەر ئېلىنىپ، يۈز - كۆزلەرنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا، ئۇ «يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش» دەپمۇ ئاتالغان. يىپ سېلىش قاش بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە قاش قۇيرۇقىنى رەتلەپ، ئىنچىكە، ئۇزۇن قاش شەكلىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئارتۇقچە قاش تۈكلىرىنى ۋە سېرىق تۈكلەرنى يۇلۇۋېتىدىغان پەردازدىن ئىبارەت.

**قاش تېرىش ئادىتى:** ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قاش تېرىش مەدەنىيىتى ئۆزگىچە بولۇپ، يېقىنقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئاياللارنىڭ يۈزگە ئۇسترا تەگكۈزۈشكە بولمىغاچقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى قاش تېرىشتىن ئىبارەت تەبىئىي گىرىم قىلىش، ياسىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

قاش تېرىشنىڭ جەريانى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، پىششىق ئىشلىگەن ئوتتۇراھال يىگنە چوڭلۇقىدىكى 40 - 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يىپ بىلەن ناھايىتى ئەپچىل قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆلچەمسىز، غەيرىي ئۆسۈپ قالغان قاشلار يۆگەپ يۇلۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ بېشى، چىرايى، بوي - تۇرقى، رەڭگى - روخسارىغا ئاساسەن قاشلارنى تۇم، ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، ئەگمە قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدە ياساپ قىز- چوكانلارغا گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن ماقال بار. ئۇيغۇر ئاياللىرى باشقا مىللەت ئاياللىرىغا ئوخشاش ئەزەلدىن ياسىنىشقا، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملارغا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا، شەھەر، بازارلارغا بارغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى باش - كۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۆز لايىقىدا كىيىنىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىر خىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلىپ يەتكەن.

**چاچنى قېتىق بىلەن يۇيۇش ئادىتى:** قېتىق كالا، قوي، ئۆچكە، قوتاز قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۈتىنى ئېچىتىش ۋە ئۇيۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان، تەمى چۈچۈمەل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان قۇۋۋەتلىك ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چاچ يۇيۇغاندا چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، ئېلاستىكىلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئېپەكتەك يۇمشاق ھەم پارقىراق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**يېلىم چېپىش ئادىتى:** يېلىم جىگدە دەرىخىنىڭ غولى ياكى شاخلىرىدىن سارغىيىپ چىقىپ قېتىپ قالىدىغان بىر خىل يىپىشقاق يۇمشاق قاتمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «چاچ چۇۋۇلماس يېلىم بىلەن، ئادەم يېڭىلمەس بىلىم بىلەن» دېگەن ماقال بار. جىگدە يېلىمى تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. يېلىم چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، ئېلاستىكىلىقىنى ئاشۇرىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ. يېلىم چېپىش ئادىتى، ئاساسەن، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىغىلا خاس چاچ ئاسراش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش بۇيۇمىدۇر. يېزا - قىشلاقلاردىكى قىسمەن ئاياللار ھېلھەم جىگدە يېلىمى چېپىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا جىگدە يېلىمىنىڭ تەركىبىدە قەنت، تانىنىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەپ قارايتىش، ئۆستۈرۈش ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەردىن ساقلاش رولى بار. شۇڭا ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى بۇرۇندىن تارتىپ جىگدە يېلىمىنى گىرىم بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلىتىپ چاچلىرىنى تاراپ ئاسراشقا ئادەتلەنگەچكە، ئۇلارنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى قارا، قويۇق ۋە ئۇزۇن ئۆسكەن دەپ قارىلىدۇ.

**چاچ قويۇش ئادىتى:** ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئىلگىرى ئۇزۇن چاچ قوياتتى، ھازىر ئۇزۇن چاچلىقلار ئاز - ساندا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن ئاياللاردا ئۇزۇن چاچ قويۇش، «چاچ كەسمەسلىك»، ياش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چاچ قويۇش ۋە بېزەش ئاممىۋى ئادەت ئىدى. بۇ ئادەت بەزى رايونلاردا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. خانىم - قىزلىرىمىز چاچ تارىغاندا،

چۈشكەن چاچنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىمايدۇ، بەلكى مەخسۇس «چاچ خالتىسى»دا ساقلايدۇ ياكى دەرەخ، تال تۈۋلىرىگە كۆمۈپ قويىدۇ. چۈشۈپ كەتكەن چاچقا باشقىلارنىڭ چېچى ياكى قاتتىق ـ يىرىك نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، چاچنىڭ كۆپلەپ چۈشۈپ كېتىشىگە، باشنىڭ سانجىلىپ ئاغرىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەنئەنىۋى چاچ پاسونلىرىدىن يۇملاق تۈگۈنچەك چاچ، ئېگىز تۇرمە چاچ، ئارچا شەكىللىك چاچ، يان ماڭلاي چاچ، چېكە ماڭلاي چاچ، ئۆرۈمە چاچ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

چاچ خەلقىمىزنىڭ نەزەرىدە گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. شۇڭا چاچ ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن، چاچنى ئاسراشقا دائىر يەرلىك ئادەتلەر كېلىپ چىققان. ئاياللار ئەزەلدىنلا ئۇزۇن چاچ قويۇشقا، ئەرلەر چېچىنى ۋاقتى- ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ تۇرۇشقا ياكى قىسقا چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇزۇن چاچ ئاياللارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنىڭ مۇھىم تۈرىگە ئايلانغان. ئاياللار چېچىنىڭ تومۇلۇقى، ئۇزۇنلۇقى ھەم قارىلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن. تىلىمىزدىكى «سۈمبۈل چاچ»، «بوستان چاچ» دېگەن سۈپەتلەر بۇنىڭ روشەن دەلىلى. بۇرۇن قىز ـ ئاياللىرىمىزدا ئۇزۇن چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر بولغان. ئادەتتە ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15، 17، 21 تال ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق، ياتلىق بولغاندىن كېيىن جۈپ ئۆرۈلەتتى. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار تۇللۇقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز تال قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. نەۋرىلىك بولغان ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالاتتى.

**ئۇسما قويۇش ئادىتى:** ئۇسما كىرىپىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىلتىزى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. تۆۋەندىكىلەرنىڭ ساپىقى بار. شەكلى سوقىچاق، غولىدا ئۆسكەنلىرى توخمۇنە شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى ئومۇم رەڭ گۈل رېتىدە، كىچىك ۋە سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى مۈڭگۈزسىمان مېۋە، يوپۇرمىقى بوياق قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقىدىن چىققان سويۇقلۇقتا قىزلار قېشىنى بويايدۇ. يىلتىز ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. قىزىتمىنى ياندۇرۇش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. ئۇسما قويۇش ئۇسما سۈيىنى قاشقا مۇۋاپىق ھالەتتە سۈركەش ئىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسما سۈيىنىڭ قاشنى ئۆستۈرۈش، قاش ئاستى تېرىسىنى ياخشىلاش، پېشانىگە بالدۇر قورۇق چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى ناھايىتى يۇقىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى باغ ۋە ھويلا ـ ئارانلىرىدا ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدا سۇ تەركىبى بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، ئۇنى ئىككى قولنىڭ ئالقىنىغا ئېلىپ سىققاندا ئۇنىڭدىن كۆك رەڭلىك سۇ چىقىدۇ. ئۇنىڭ چاچ، قاش ـ كىرپىكلەرنى ئاسراش ۋە قارايتىش رولى بولغاچقا، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىدا بۇرۇندىن تارتىپ ئۇنى چاچ ۋە قاش ـ كىرپىكلىرىگە سۈركۈۋالىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەتتە «ئۇسما قويۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى چاچ، قاش ـ كىرپىكلىرىنى ئاسراش ۋە گۈزەللىكنى ساقلاشتىكى مۇھىم بىر خىل گىرىم بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. ھەتتا ئۇيغۇر ئاياللىرى يېڭىدىن تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنىمۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ چاچلىق، قاش ـ كىرپىكلىرى جايىدا، لاتاپەتلىك قىزلاردىن بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىشىپ، ئۇنىڭ باشلىرىغا ئۇسما سۈيىنى سىقىپ چاپىدىغان، قاش ـ كىرپىكلىرىگە سۈركەپ قويىدىغان ئادەت ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**ئىگىر قارا سۈركەش ئادىتى:** ئىگىرنى چالا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئەنئەنىۋى قاش قارايتىش بۇيۇمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىگىر چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويىدا ئۆسىدۇ. يەر ئاستىدا ئاچ قىزىل يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ. يوپۇرمىقى شەمشەر شەكىللىك، گۆشلۈك باشاقسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. يىلتىزسىمان غولىنى پۇراقلىق ماتېرىيال قىلغىلى، جۇڭيى تېبابىتىدە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى، سىرتتىن ئىشلىتىش ئارقىلىق چىش ئاغرىقى ۋە چىش تۈۋى قاناش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تاش ئىگىر دېگەن يەنە بىر تۈرى بولۇپ، تاش ئىگىر چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ. قاتتىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى لېنتا

شەكىللىك، گۈللىرى كىچىك، زىچ جايلاشقان. غوزىسى تۇخۇم شەكىللىك، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. نەملىكنى ھەيدەش، زەھەرنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. چالا كۆيدۈرۈلگەن چۈچۈلىسى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاش پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**خېنە يېقىش ئادىتى:** خېنە خېنە ئائىلىسىدىكى بىر يىل يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى ئاق، قىزىل، ھال رەڭ، سۆس سېرىق رەڭلەردە كېلىدۇ. ئۇرۇقى، غولى ۋە يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. غولى قاننى جانلاندۇرىدۇ ۋە راۋان قىلىدۇ، ئۇرۇقى يەلنى ھەيدەپ، تۇرۇپ قالغان قاننى ماڭدۇرۇش رولىغا، گۈلى قاننى جانلاندۇرۇپ ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە. قىزىل رەڭدىكى گۈل تاجى ياپراقچىسى ئادەتتە قول ۋە تىرناقنى بوياش، خېنە يېقىش ئۈچۈن زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. خېنە — گۈل ئائىلىسىگە تەۋە بولغان يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ باغلاردا ياكى ھويلا - ئارانلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 60 ~ 180 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، غولىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ ھەم سۇلۇق، گۈلى خۇددى ئانارنىڭ چېچىكىگە ئوخشاش قىزىل رەڭدە ئېچىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئاساسلىقى ئۇنىڭ گۈلىنى قولى بىلەن سىقىپ سۈيۈقلۇقىنى چىقىرىپ ئاندىن پۇت - قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىغا سۈركەپ قىزارتىۋالاتتى. بۇ ئادەتتە «خېنە قويۇش» دەپ ئاتىلاتتى. خېنىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش، سۆڭەكنى ئۆستۈرۈش ۋە چىڭىتىش قاتارلىق دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولغاچقا، تىرناقلارنى گۈزەللەشتۈرۈپ، خانىم - قىزلارغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشقاندىن باشقا يەنە، ئۇ ھەرخىل كېسەللىكلەردىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرى تىرناقلىرىغا خېنە قويۇشقا ئادەتلەنگەن.

خېنە قويۇشتا ئاۋۋال پىشقان خېنە يۇلۇۋېلىنىپ، ئۇرۇقلىرى قېقىۋېلىنغاندىن كېيىن يوپۇرماقلىرى بىلەن سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە سولاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۆتكۈر قىڭراقتا توغرىلىپ، ياغاچ تەگلىدە زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ھالىتىگە كەلگىچە سوقۇلۇپ، خېنە خېمىرچىسى تەييارلىنىدۇ. ئاندىن باشقا بىر قىز ياكى ئايال تەرىپىدىن قول - پۇت تىرناقلىرى ۋە قول - پۇت ئالقانلىرىغا تەييارلانغان خېنە خېمىرچىسى تەكشىلەپ چاپلىنىپ، ئاۋۋال قېرى قىزنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يۆگۈلۈپ، ئاندىن باش ياغلىق ياكى باشقا ياغلىق سىياقىدىكى رەخت بىلەن مەھكەم تېڭىپ قويۇلىدۇ. خېنە يېقىش پەقەت ئۇخلاش ۋاقتى كەلگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا خېنە يېقىش بىر خىل ئەيىب ئىش دەپ قارىلىدۇ. خېنە قويغۇچى ئۇخلاش جەريانىدا ئۇسۇرۇپ قويسا يېقىلغان خېنىسى قول - پۇت تىرناقلىرى ۋە قول - پۇت ئالقانلىرىغا ئىچمەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. بەلكىم بۇ قاراش قىز - ئاياللارغا قارىتا شەرم - ھايالىق بولۇش تەلىپىنى قويۇشنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلىرى بولسا كېرەك. خېنە يېقىش ئاساسەن قىز - ئاياللار قىلىدىغان پەردازچىلىق ئىشى بولۇپ، خېنىنىڭ قول ئالقان تېرىلىرىنى قۇرغاق، يۇمشاق قىلىش رولى بولۇپ، ئاش - تاماق ئېتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان قىز - ئاياللارنىڭ قول ئالقانلىرى تەرلىمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئاش - تاماقنىڭ تەييارلىنىشىنىڭ پاكىزلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ دەپمۇ قارىلىدۇ.

**ئەڭلىك سۈرتۈش ئادىتى:** ئەڭلىك ئاياللارنىڭ مەڭزىگە ۋە كالپۇكىغا سۈرتىدىغان قىزىل سۈرمە بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا «ئەڭلىك خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرىدىغان بىر خىل ئاچ قىزىل بوياق» دېيىلگەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان قىسمەن رەسىملەردىمۇ يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرگەن ئاياللار ئوبرازلىرى بايقالغان.

## قىزلارنىڭ چاچ تاراش ئادىتى

چاچ تاراش، ئۇسما قويۇش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دائىمىي ئادەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قىزلار بىر يەرگە يىغىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ چېچىنى تارىشىپ، 40 تال قىلىپ ئۆرۈشۈپ قويىدىغان، بىر - بىرىنىڭ قېشىغا ئۇسما قويۇشۇپ قويىدىغان ئادەتلەر قىزلىرىمىز ئىناقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ياخشى پەزىلەتتىن بولۇپ كەلگەندى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 3 - توم، 357 - بېتىدە «تارادى» دېگەن سۆز ئىزاھلىنىپ، «قىز چېچىنى تارىدى» دېگەن جۈملە تۈزۈلگەن. قىزلارنىڭ چاچ تارىشى گۈزەللىك، پاكىزلىك ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن بولاتتى.

«چاچ تاراش» دېگەن سۆز سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، «مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى نامايان قىلىش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**كىيىنىش ئادىتى:** ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر قاتار كىيىنىش خاسلىقلىرىنى ياراتقان، كىيىم-كېچەكلەر چوڭ جەھەتتىن تاش كىيىم ۋە ئىچ كىيىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. پائالىيەت ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن ئۆيلۈك كىيىم، تالالىق كىيىم، كەسپىي كىيىم، مۇراسىم كىيىمى، ئىش-ئەمگەك كىيىمى، قارىلىق كىيىم دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. دوپپا، ياغلىق ئاياللارنىڭ ئاساسلىق باش كىيىمى ھېسابلانسا، كۆڭلەك، چاچمىلىق چاپان قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ ئاياللىق نازاكىتىنى، ئانىلىق سالاپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كىيىم-كېچەك ھېسابلىنىدۇ. ئاياللار ئادەتتە ياش قۇرامى، بەدەن شەكلىگە قاراپ ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ كىيىنىشكە ئادەتلەنگەن. نارەسىدە قىزلار، بويىغا يەتكەن قىزلار، يېڭى ئانا بولغانلار، چوڭ ياشلىق ئاياللار ۋە مومايلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ ئاياللارنىڭ تاشقى گۈزەللىك قارىشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىيىم-كېچەكنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ كىيىش ئادىتى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئىپار ئىشلىتىش ئادىتى

ئۇيغۇرلار ئىپار ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا ئىپار ئىستېمالىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مىسالدىن ئۇچۇر بېرىلگەن. كىندىك ئىپار ھەققىدە توختىلىپ، ئىپارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئاساسىي كىندىك ئىپار ئىكەنلىكىنى، ئۇنى تىبەت (ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى)تىن كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن يەنە «ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە ئۇنىڭ ھىدى قالىدۇ» دېگەن ماقالىنى كەلتۈرۈپ ئىپار ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «يۇقتۇردى» دېگەن سۆزگە مىسال ئېلىپ، «ئۇ ئۇنىڭ تونىغا يەنى كىيىمىگە ئىپار يۇقتۇردى» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان.

**بوز مۇنچاق:** بۇ ئاياللارنىڭ تاقىۋېلىشى ئۈچۈن ئىپار بىلەن سۆك (ئاقلانغان تېرىقنىڭ ئۇنى)تىن ياسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ھەم زىننەت ھەم شىپالىق رولىغا ئىگە دەپ قارىلىدۇ. بوز مۇنچاق يەنە ھامىلە شىرنىسى، يېلىم ۋە ئىپار قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياسالغان مۇنچاق بەزى كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. دېمەك بوز مۇنچاق گۈزەللىككە، خۇش پۇراققا ھەم تېببىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە.

**ھامىلە شىرنىسى:** ساغلام ھامىلدارلار يەڭگىپ بولغاندىن كېيىنكى، بالا ھەمراھىنى يىغىپ، پەي-پەردىلىرىنى تازىلىۋېتىپ، قومۇش چوكا بىلەن كىندىك بېغىشى چۆرىسىدىكى قان تومۇرلارنى تىتىۋېتىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ، قېنى تۈگەپ، سۇ سۈزۈلگەنگە قەدەر مىجىپ يۇيۇپ، ئاندىن قايناپ تۇرغان قازانغا سېلىپ، لەيلەپ كۆتۈرۈلۈپ چىققىچە قايىنىتىلىدۇ ياكى كاۋاۋىچىن سېلىنغان سۇ بىلەن (ئادەتتە بىر دانە بالا ھەمراھى ئۈچۈن بەش فۇڭ كاۋاۋىچىن سېلىنىدۇ) پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، قېنىق سارغايغىچە ئوتتا قاقلاپ يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، تەمى تۇزلۇقراق زەھەرسىز، بەدەننى كۈچەيتىدۇ. بەدەنگە، قانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ. مەنىينى كۆپەيتىدۇ. بەدەن ئاجىزلىق، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، ئېھتىلام بولۇش، زىققا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىر دانە بالا ھەمراھىنى قاقلاپ قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر مىسقالدىن ئىچىلىدۇ. ئۆپكە سىلدىن بولىدىغان قان تۈكۈرۈش ۋە تۆۋەن قىزىتما كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، بىر دانە بالا ھەمراھى، گۈلسامساق، سوغۇگۈلنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى سەر، قىزىل مارالدىن بىر سەر ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى مىسقالدىن ئىچىلىدۇ.

## يېنىدا خۇش پۇراق بۇيۇملارنى ساقلاش ئادىتى

خەلقىمىز ئەزەلدىن خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە رەڭدار تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ياش-قۇرامى، چىراي شەكلى، بوي-تۇرقىغا قاراپ، باش-كۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈش ۋە گىرىم قىلىپ، رەڭگى-رۇخسارىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئادىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. جۈملىدىن، ئەقىل-

پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك جىگدە يېلىمى، ئوسما ۋە خېنە قاتارلىق تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى خانىم - قىزلارنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرى ئورنىدا ئىشلىتىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چاچ، قاش - كىرپىكى ۋە تىرناقلىرىنى ئاسراشقا ئادەتلەنگەندىن سىرت يەنە يېنىدا خۇش پۇراق بۇيۇملارنى ساقلاش ئادىتىنىمۇ يېتىلدۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يېنىدىن ئايرىمايدىغان خۇش پۇراق بۇيۇملاردىن مۇشك، ئەنبەر، سەندەل، ئىپار ۋە زەپەر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**مۇشك:** بىر خىل كېيىكنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان قارامتۇل خۇش پۇراق ماددىدىن ئىبارەت.

**ئەنبەر:** كىت (كىت سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ. تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. تەن شەكلى بېلىققا ئوخشايدۇ. تەن ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. ھازىرقى زامان ھايۋانلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭلىرى ھېسابلىنىدۇ)نىڭ ئۈچەيدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان مومسىمان، ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق ماددا بولۇپ، رەڭگى كۈل رەڭ ياكى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ.

**سەندەل:** سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىمدە، گۈل تاجى ياپراقچىلىرى بولمايدۇ. ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ. ھىندىستان ۋە مالاي يېرىم ئارىلى قاتارلىق ئىسسىق بەلباغلاردىن چىقىدۇ. ياغىچى چىڭ ۋە خۇش پۇراق بولۇپ، مېۋىلەرنى ئىسلاش، دورا ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى چەككەلەپ ئالغىلى بولىدۇ.

**ئىپار:** ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىدىن بەزى كاللارنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان خۇش پۇراقلىق ماددا بولۇپ، شىپالىق رولى ناھايىتى يۇقىرى.

**ئىپار كېيىكى:** سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. شەكلى كېيىككە ئوخشايدۇ. ئەمما سەل كىچىكرەك، مۈڭگۈزى يوق، ئالدى پۇتى قىسقا، ئارقا پۇتى ئۇزۇن، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. تۈكلىرى توق قوڭۇر ياكى كۈل رەڭگە مايىل قوڭۇر كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېغىز سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ. كىندىكى بىلەن كۆپىيىش ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا بەز خالتىسى بولۇپ، ئىپار ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئىپار كالىسى:** سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، شەكلى كالىغا ئوخشايدۇ. ئەمما سەل كىچىكرەك، بېشى چوڭ ۋە كەڭ، تۆت ئايىغى قىسقا، بوينى ھەم قۇيرۇقىمۇ بەك قىسقا بولىدۇ. تۈكلىرى بېغىر رەڭدە بولۇپ، تېرە ئاستىدىكى بەز تەنچىسى ئاجرىتىپ چىقارغان سۇيۇقلۇق ئالاھىدە خۇشبۇي پۇرايدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ياشايدۇ.

**ئىپار كىتى:** كىتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تېنى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا ئېغىرلىقى يەتمىش - سەكسەن تونىنا كېلىدۇ. بېشىمۇ ئالاھىدە يوغان بولۇپ، پۈتۈن بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئۈستۈنكى جاغى چېلەككە ئوخشايدۇ. چىشى يوق، ئاستىنقى جاغى كىچىك چىشى بولىدۇ. سۇ پۈركۈش تۆشۈكى بېشىدا، تېنى سۇس قارا ۋە سەل قىزغۇچ قوڭۇر، قورساق رەڭگى ئاچراق كېلىدۇ. مېيىدىن شام قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئۈچەيى ئىچىدىكى ئاجراتمىسى خۇش پۇراق بولۇپ، قىممەتلىك ئىپار ئورنىدا ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ.

**زەپەر:** چېغىرتماقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكنى بىلدۈرىدۇ. گۈلى ئاچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەيزنى راۋان قىلىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە. گۈلى ئىنتايىن خۇش پۇراق بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدىكى، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا كۆركەم بېزەكلىك كىيىم - كېچەكلەر، ھەر خىل تۇستىكى رەڭگارەڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە سانى بىر قەدەر كۆپ تەبىئىي ھەم ياسالما سىن - سىپاق پەرداز بۇيۇملىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئامىللار ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ھۆسن تۈزەش ۋە گۈزەللىك ھاسىل قىلىش پائالىيىتىدە بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ بىر پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ بالاغىتىنى يارىتىدۇ.

(ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدا)

# مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك

زۇلفىيە ئابدۇرېھىم

كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئوقۇرمەنلەر ژۇرناللارنىڭ ئادىل باھالىغۇچىسى. ژۇرنالنىڭ قانداق نەشر قىلىنىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە باشلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىمۇ دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، يېڭى ئۇقۇم، چوڭ ياخشى ۋەزىيەت كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە نامايان بولماقتا. بىز ئەنئەنىۋى تەھرىرلىك ماھارىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن سىرت، يەنە دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە توغرا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئوقۇرمەنلەرگە زامان تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتالايدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى سۇنالايمىز. ھازىرقى زامانغا لايىق، ئىلغارلىقنى تېز قوبۇل قىلىپ، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەيدىغان لاياقەتلىك مۇھەررىر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىشىمىز كېرەك.

1. يۈكسەك سىياسىي ئاڭ، سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ژۇرنالنى توغرا چىقىرىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ھەر ۋاقىت بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىي ژۇرناللار خىزمەت خاراكتېرى جەھەتتىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ژۇرناللار روشەن ئىدىيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ساغلام مەنىۋى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ، ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئارقىلىق ئالغا يېتەكلەشنى بىردىنبىر بۇرچ قىلغان. ئەدەبىي مۇھەررىرلەر سىياسەتچانلىق ۋە ئىدىيەۋىلىكى كۈچلۈك بولغان بۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا، يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇشى، پارتىيەگە، ۋەتەنگە، قىزغىن مۇھەببەت باغلاپ ئىدېئولوگىيە بىخەتەرلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

2. سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۈرۈشلۈك سۆزلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى قىبلىنامە قىلىش، ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى بارلىق خىزمەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەققىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرى، شۇنىڭدەك نەشرىياتچىلىققا ئائىت قائىدە-نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى تەربىيەلىشى ۋە ئۇلارغا تەشۋىق قىلىشى لازىم، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەخلاقىغا قەتئىي ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىدە يۈكسەك كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ھەر بىر ئەدەبىي مۇھەررىر بۇ تەلەپكە جەزمەن لايىق بولۇشى لازىم. كەسپىي ئەخلاق بىر ئەدەبىي مۇھەررىر ئۈچۈن قاندەك مۇھىم ئېنېرگىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ زۆرۈرىيەتنى ئۆزىدە ھازىرلاش ئۈچۈن ئەدەبىي مۇھەررىردە ئەدەبىياتقا ۋە مۇھەررىرلىككە ئوخشاشلا چىن ئىخلاس بولۇشى كېرەك. پىشقان ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇشنىڭ ئاساسى — ئەدەبىياتنى بىلىش، چۈشىنىش، سۆيۈش، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ئەدەبىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بولۇشتىن ئىبارەت. بىر ئەدەبىي مۇھەررىر ئەدەبىياتقا چىن ئىشتىياق قويمىسا، مۇھەررىرلىككە چوڭقۇر ئىخلاسى بولمىسا، بۇ خىزمەتنى ھەرگىزمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىيەلمەيدۇ.

بىر نادىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەر روھىغا تەسىر قىلىش كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي مۇھەررىردە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي مۇھەررىر ئۆزى تەھرىرلەپ، تاۋلاپ، پىشۇرۇپ ژۇرنالدا ئېلان قىلغان قايسى ژانىردىكى ئەسەر بولمىسۇن، ئۇنىڭ جەمئىيەت، ئاپتور، ئوقۇرمەن ۋە تەھرىر بۆلۈمىدىكى مەسئۇلىيىتى شۇ مۇھەررىردە بولىدۇ. مۇھەررىر تەھرىرلىك خىزمىتى ئۈستىدە ئۆزىنى پەقەت بىر تەھرىر، بىر شەخس سۈپىتىدە ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ، ئاپتورنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ مەۋقەسىدىن تۇرۇپ شۇلارغا مەسئۇل بولۇپ ئىش قىلىشى، ئۆز رايى ۋە مەلۇم مۇددىئا بويىچە خالىغانچە ئىش قىلماسلىقى كېرەك.

3. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى ۋە بىر-بىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. خىزمەتداشلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاقلىشىشى، ئەدەبىي بىلىملەر، ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە دائىم سۆھبەت مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇھەررىر بىلەن مۇھەررىر، مۇھەررىر بىلەن باش مۇھەررىر، مۇھەررىر بىلەن ئاپتورلار ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، رىقابەت داۋامىدا ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ژۇرنال نوپۇزىنى تىكلەش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

4. تىلنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان ئوبراز ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش، ۋەقەلىك، ماكان-زامان، تەبىئەت تەسۋىرلىرى پىشقان ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئىشلەۋاتقان مۇھەررىر ئاپتوردىنمۇ بەكرەك تىل بايلىقىغا ئىگە بولۇشى، تىلغا كامىل بولۇشى كېرەك. مۇھەررىر تىلنى ئۆزىنىڭ قورالى قىلىپ تۇرۇپ، كەسپىي ماھارىتى، چېۋەرلىكى، ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەنى ھازىرلاش ئۈچۈن، مۇھەررىر ئەدەبىي تىل، ئانا تىل، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشى، ئانا تىل گىراماتىكىسى، لوگىكا بىلىمىگە پىشقان بولۇشى، ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرى ئۈچۈن دۆلەت تىلى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىشى كېرەك. ئېنىقكى تىلى كامالەتكە يېتىپ ئىشلەنگەن ئەسەر ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلىنىدۇ.

5. ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھالدا تېزلەشتى، مىقدارىمۇ كۆپەيدى. ھەر خىل پەنلەر مەخسۇسلاشتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئېتىدۇ ۋە تەبىئىيلا مۇھەررىرلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇھەررىرنىڭ ئالدىدا يېڭى-يېڭى مەسىلەلەر، يېڭى-يېڭى سوئاللار پەيدا بولۇپ، مۇھەررىرنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر، يېڭى، كۆپ قاتلاملىق بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا كەسىپ ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ھەممىنى ئۆگىنىپ، بىلىم جۇغلاش كېرەك. كىتاب، ماتېرىيال، تور ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بوشاشماي، قانائەتلەنمەي، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مۇھەررىرنىڭ نەزەرىيەۋى بىلىمنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

مۇھەررىر خۇددى ئەدىبلەرگە ئوخشاش، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە تۈرلۈك شەيئىلەر توغرىسىدا ئۆگىنىشى، كۆزىتىشى، خاتىرە قالدۇرۇشى، بىۋاستە ئاڭلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۆز كەسپىنى تېنىمەي-تەمتىرىمەي ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىگىمۇ مول قىممەتلىك ماتېرىيال توپلىغىلى بولىدۇ.

نەشرىياتلار نەشر قىلغان، باشقا ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ژانىرلاردىكى ئەدەبىي، نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر، ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىنى ئۈزمەي ئوقۇپ، تەھلىل، تەتقىق يۈرگۈزۈپ تۇرۇشى، ھەر خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، يېڭى ئەدەبىي ئۇچۇرلار، يېڭى يۈنىلىشلەردىن خەۋەردار بولۇشى، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتلىمىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك.

قىسقىسى، مۇھەررىرلەر كەسپىي بىلىملەرگە پىشقان بولۇشتىن سىرت، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. شۇندىلا دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ، تېخىمۇ سەرخىل، ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتالايدۇ، ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

(ئاپتور: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

# خانىم- قىزلىرىمىزنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىكا



گۈلنار ئابلىز

مەدەنىيەت ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئۇچۇرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئېتنىك ئەنئەنىسىنىڭ راۋان ئېقىمى. بۇنىڭ ئىچىدە كىيىم مەدەنىيىتى — مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە كىيىم-كېچەك ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. تارىخقا نەزەر سالساق، ئوخشاش بولمىغان زامان، ماكان، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئۆزگىچە شەكىل، رەڭ، نۇسخا، ئېستېتىك ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولغان

كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى تارىخ ۋە تۇرمۇش سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان، شىنجاڭنىڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلىشىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى چوڭ كۆۋرۈك يەنى «يىپەك يولى» بولۇشتەك مۇھىم جۇغراپىيەلىك ئورنى سەۋەبىدىن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىمۇ ئۆزگىچە شەكىل، رەڭ، نۇسخا، ئېستېتىك ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولغان كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقلىمى بىر قەدەر نەم بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چۆللۈك ئىقلىمىغا تەۋە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقلىمى بولسا تىپىك ھالدىكى چۆللۈك ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى قۇرغاق رايون كېلىماتىغا مەنسۇپ، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق بۇ زېمىنغا جايلاشقان. مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ۋە ئىقلىم ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا، ئۇچلۇق تەلپەك، دوپپا، تۇماق، لىچەك، رومال قاتارلىق باش كىيىمى؛ يىپەك، پاختا ۋە ھەر خىل تېرە، يۇڭ توقۇلما ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان قايرىما ياقىلىق، ئېتەك ئالدى پەشلىرىگە زىغىزىق تۇتقان تون ۋە كۆڭلەك؛ كەڭ ياكى بەدەنگە لايىق تىكىلگەن ھەر خىل پاسون ۋە رەڭدىكى گۈل كەشتىلەنگەن ئۇزۇن كۆڭلەك، كالتە كۆڭلەك؛ كەڭ ۋە نەپىس گۈللۈك ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە كىيىدىغان جىلىتكە؛ ھەر خىل نىمچا؛ ياغلىق شەكلىدىكى يېپىنچا قاتارلىقلار ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئاياغ ئۈستى كىيىم-كېچىكى بولۇپ كەلگەن. بۇلاردىن سىرت، خانىم-قىزلار ئەنئەنىۋى كىيىملەرگە گۈل كەشتىلەشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئاق، قارا، قىزىل، يېشىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق رەڭلەرنى ئۆز كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئاساسلىق رەڭ ئوبيېكتى قىلىش ئارقىلىق مۇھىتنىكى كەمتۆكلۈكنى تولۇقلاپ، ئۆز تۇرمۇشنى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

ئېستېتىك ئاڭ — بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت دۇنياسىغا سىڭگەن سەنئەت قارىشى، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزى ياشاۋاتقان ماكان، زاماندىكى كۆپ خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنى يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئېستېتىك ئاڭ مۇجەسسەملەنگەن ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنى روياپقا چىقارغان. نەتىجىدە كىيىم-كېچەك ياش، سىنىپ، دەرىجە، سورۇن، كەيپىيات، مەنىۋىيەت پەرقىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغان. ئېستېتىك ئاڭدىكى نازۇك ھالقىلار تولىمۇ نەپىس ھەم قاتلاملىق ھالدا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىدىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى دەۋرىيلىك ھالدا ئالمىشىپ ھەم گىرەلىشىپ مەۋجۇت بولغان، بۇ جەرياندا ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى بەلگىلەپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ئوخشاش بولمىغان زامان، ماكان، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئۆزگىچە شەكىل، رەڭ، نۇسخا، ئېستېتىك ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىغا باي كۆپ قىرلىقلىققا ئىگە بولغان كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى تارىخ ۋە تۇرمۇش سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان.

(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىدە)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2016 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئەسلىملەردىن يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى خامان ئېلىش ئۇسۇللىرىغا نەزەر

ئىسرائىل مۇتىللا

ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا تەتىلگە بېرىپ خامانغا قاراشقىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن دېگۈدەك قايتماي ئۈرۈمچىدە ئوقۇش، خىزمەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچ، مېنىڭ نەزەرىمدە خامان ئېلىش شۇ باللىق ۋاقىتلىرىمدىكى خامان ئېلىش بىلەن توختاپ قالغاندى. ھەر قېتىم مېنىڭ خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان خامان مەنزىرىلىرىنى ئەسلىسەم باللىق ۋاقىتلاردىكى شۇ غەمسىز چاغلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. بۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە يەنە دادامنىڭ «خامان ئالماق تاغ ئالماق» دەيدىغان ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى بىلەن كۆز ئالدىمدىكى تىنىمسىز مىدىرلاشلىرى، جاپالىرى بەدىلىگە ئۆيگە كىرىدىغان بۇغداي ئۈنچىلىرى، ھەر ئەتىگەندە ئۇيقۇمغا قانماي چالا ئۇيقۇلۇق ھالدا ئېتىزدا ئاكام بىلەن مۈگدەپ ئولتۇرۇپ باشاق تېرىشلىرىمىزنى، خامان ئېلىنىپ بولۇنغاندا سامان تىقىلغان تاغارلارنى يۈدۈپ سامانلىققا سامان تۆكۈشلىرىمىز، سامانلىقتا سامانىنىڭ چاڭلىرى ئىچىدە سامانى چىڭداشلىرىمىز، ھەر قېتىم بوغۇزدىمىزغا چاڭ تولۇپ كەتكەندە، ئاران قېچىپ چىقىپ ھۆ قىلىشلىرىمىزنى، سەل چوڭ بولغاندا دادامغا ياردەملىشىپ ئېتىزدا ئەتىگىنى ۋە كۈگۈملاردا قولغا ئورغاق ئېلىپ بۇغداي ئورۇشلار، ئازراق ئورۇپ بولۇپلا ھېرىپ قېلىپ، قاراپ ئولتۇرۇشلىرىمىزنى ئەسلەپ كېتىمەن. گەرچە شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە جاپالىق تۇيۇلغان بۇ ئىشلار ھازىر ماڭا تولىمۇ يېقىملىق چۆچەكتەك تۇيۇلىدۇ. باللار بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ خامانلىقتا ئېشەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشلىرىمىز، يازنىڭ كۈندۈزى بىلەن تۈپتىن پەرقلەندىغان سالقىن كېچىلىرى خامان ساقلاپ كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ تىكىلىپ خىياللار ئىچىدە ئۇخلاپ قېلىشلىرىمىز...

ھەر قېتىم خامان ھەققىدە ئەسلىملەرنى باشلىغىنىمدا كىچىكلىكىمدە خاماننى مال-چارۋىلار يەنى كالا ۋە ئېشەك بىلەن قېتىپ ئالغان شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلىيەلىشىم بىلەن خىياللىرىمنى ئاۋۇندۇرۇشتىن باشقا يەنە ئېشەكلەرنى ئارامغا چىقارغان قول تىراكتور بىلەن خامان قاتقان

ۋاقىتلارمۇ ئەسلىمەمىنىڭ بەتلىرىنى تولدۇرۇپ بارىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىكى ئازدۇر-كۆپتۇر داخىل بولغان توغراش ماشىنىسى ئارقىلىق خامان ئالغان ۋاقىتلارمۇ ھېلىھەم ئېسىمدە. ئەمما مېنىڭ قەلبىمدە بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەت ساقلانغان ئېشەك ۋە كالا ئارقىلىق خامان ئالغان شۇ ۋاقىتلارخاتىرەمدە بەكرەك ئەسلىنىدۇ. چۈنكى شۇ ۋاقىتلار ئەنئەنىۋى تىرىقچىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى بولۇپ، قەدىمىي يۇراق بىرىپ تۇرىدىغان خامان ئېلىش شۇ ۋاقىتلار بىلەن تەڭلا قايتىلانماس تارىخقا ئايلاندى.

يۇرتىمىز ئاتۇش، ئۇستۇن ئاتۇش تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇنچاق ھالەتتە جايلاشقان يېزا بولۇپ، چاقماق دەرياسى يۇرتىنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ يېزىنى ئىككى تەرەپتىن چۆرىدەپ جەنۇبىي يۆنىلىشتە قاراپ بەشكېرەمگە شەرقىي يۆنىلىشتە ئازاقتا قاراپ ئېقىپ كېتىدۇ. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى. ياز كۈنلىرى گاھىدا قارا يامغۇر، گاھىدا ئۆتكۈنچى يامغۇر تولا ياغىدۇ. كۈندۈزى ئۇتتەك ئىسسىق بولسىمۇ كەچتىكى ھاۋاسى سالقىن بولۇپ، كېچىسى نېپىزرەك بولسىمۇ يوتقان يېپىنمىسا توڭىدۇ. تاقۇتتا ئورما باشلانغاندا ئوتتۇرا قىسمىدىكى قايىراقتا بۇغدايلار سارغىيىدۇ، قارغۇلدا بولسا كۆپكۆك ھالەتتە تۇرىدۇ. تاقۇتتا ئۆرۈك پىشقاندا قارغۇلدا غورا يېگىلى بولىدۇ. موشۇنداق ئەھۋال سەۋەبىدىن يۇرتتا خامان ئېلىش بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلماي، ئاستىنقى تەرىپىدىن ئۇستۇنكى تەرىپىگە قاراپ ئىلگىرى-كېيىن ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

## ئورما ئالدىدىكى تەييارلىق

بۇغداي ئورۇشقا كىرىشتىن ئاۋۋال ئورغاقلار تەييارلىناتتى. ئادەتتە ئورغاق ئائىلە مۈلكى سۈپىتىدە چوڭلاردىن قالاتتى. شۇ سەۋەب بەزى ئائىلىلەردە نەچچە ئون يىللىق ھەتتا 100 يىللىق ئورغاقلار تېپىلاتتى. چۈنكى ئاتا-ئانىلىرىمىز ئۆز ئاتا-ئانىلىرى ئىشلەتكەن ئورغاقلارنى تەۋەرۈك قىلىپ ساقلىشاتتى. (مەنمۇ ھەر قېتىم قازناق ئۆيگە كىرگىنىمدە ئۈچ-تۆت ئورغاقنىڭ ۋە قىپقىزىل، ساپسېرىق باشاقلارنىڭ باغلام ھالەتتە تامغا ئىلىقلىق تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھويلىدىكى باغنىڭ تېمىغا بىر-ئىككى ئورغاق ئىلىپ قويۇلاتتى. كېيىن بىلسەم قازناق ئۆيدىكى ئورغاقلار چوڭلاردىن قالغان بۇيۇم، باشاقلار بولسا كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلغان سورتلۇق بۇغدايلارغا ئورۇن بوشاتقان، بۇرۇن تېرىلىپ كەلگەن بۇغدايلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى ئىكەن) ئۆيدىكى بار بولغان ئورغاقلار ئاۋۋال بىلەي بىلەن بىلىنىپ ئىشتىكلەشتۈرۈلەتتى. شۇ سەۋەب بەزى ئورغاقلار ئۇپراپ بەكلا ئىنچىكىلەپ كېتەتتى. ئۆيدىكى ئورغاقلار يەتمەيدۇ، ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارالغاندا ئاندىن بازاردىن يېڭىدىن ئورغاق ئېلىشاتتى. بازارغا ئورغاققا بارغاندا يەنە ئارا، گۈرجەك قاتارلىقلارمۇ سودىلىق قىلىنىشاتتى.

باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقلىرىدىكى بۇغدايلار ئورۇلۇشقا تېخى ۋاقىت بار دەپ قارالغاندا، بۇغدىيى پىشقان ئېتىزلىقلارنىڭ ئىگىسى ئالدىرىمايدىغان قوشنا-قولۇملارنىڭ ئورغاقلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇشاتتى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئورغىقى ۋە ئارىسىنىڭ بەلگىسى بولاتتى. چوڭلار بىر قاراپلا پەرقلەندۈرۈپ ئايرىۋېلىشاتتى.

ئورما ۋاقتىدا يۇرتتىكى ئۆي سالىدىغان ياكى سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان ئىشلار ئاساسەن توختىشاتتى. چۈنكى ئوما ئېلىش بىر يىللىق ھوسۇل ئېلىش بولغاچ، باشقا ئىشلار چوقۇم بۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىشى كېرەك ئىدى. ھەتتا توي-تۆكۈنلەرمۇ مۇشۇ ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇلمايتتى. چۈنكى توي-تۆكۈن، ئۆي سېلىش قاتارلىق ئىشلار جامائەتنىڭ قاتنىشىشى ۋە ھە-ھۇ دېيىشىشى بىلەن بولىدىغان بولغاچ، موشۇ ۋاقىتتا ئۆيگە تۇتۇش قىلغانلار ياردەمچىسىز قالاتتى. توي ئىشلىرىمۇ قىزىمايتتى.

ئورما ئالدىدا ئېتىزلىققا ھەرگىزمۇ قاندۇرۇلۇپ سۇ ئېچىلمايتتى. چۈنكى موشۇ ۋاقىتتا قاندۇرۇلۇپ ئېچىلغان سۇ ئورما ئورۇشقا دەخلى قىلاتتى ياكى يامغۇر يېغىپ كەتسە تېگى بوش بولغاچ، بۇغداي يېتىپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئېرىقلارنىڭ ئېچىقلىرىنى مەھكەم تاقاپ سۇنىڭ ئېتىزلىققا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشاتتى.

ئېتىزلىقتىكى بۇغداينىڭ پىششى سورتى ۋە سۇغىرىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولاتتى. بەزى سورتلۇق بۇغدايلار بالدۇر، بەزىسى كېيىن پىششاتتى. جىق سۇغىرىلغان بۇغدايغا قارىغاندا سۇيى ئاز بولغان بۇغداي بالدۇر پىشاتتى. دەل-دەرەخ ئاز يەردىكى بۇغداي، جىق

يەردىكىگە قارىغاندا، ئوچۇقچىلىقتىكى بوغداي تاغ باغرىدد-
كى بوغدايغا قارىغاندا بالدۇر پىشاتتى. بوغداينىڭ پىشقان -
پىشمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئادەتتە غولى ۋە دېنىنى ئۇ-
ۋۇتۇش ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىناتتى. ئاۋۋال بوغداي باشە-
قى ئۈزۈلۈپ، ئالقاندا ئۇۋۇلۇپ ئاندىن ئېغىزغا سېلىنات-
تى. قاتتىق چاينىغىلى بولمىسا پىشقان ھېسابلىناتتى. چايلە-
نىپ ئۇن ھالىتىگە كىرىلسە يەنە ۋاقتى بار دەپ قارىلات-
تى. ئاندىن بوغداينىڭ غولى سۇندۇرۇلاتتى. سۇنماي ئە-
گىلسە، ۋاقتى بار دەپ قارىلاتتى. سۇنۇپ قولغا چىقسا،
ئورۇشقا بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم
بولۇپ، ناۋادا توغرا ھۆكۈم قىلمىغاندا بوغداي پىشىپ
كېتىپ، ئورۇغىچە تۆكۈلۈپ كېتەتتى - دە، ئالىدىغان
ھوسۇل كېمىيىپ كېتەتتى.

## بوغداي ئورۇش

خامان ئېلىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى بوغداي
ئورۇش ھېسابلىناتتى. يۇرتىمىزدا تازا بوغداي ئورۇشقا
كىرىشىدىغان ۋاقىتلاردا دائىم يامغۇر يېغىپ كېتەتتى. شۇ
سەۋەب بەزىدە بوغداي ئورۇش كەينىگە سۈرۈلۈپ كې-
تەتتى. ئادەتتە 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بوغداي ئورۇشقا كە-
رىشەتتى.

يۇرتىمىزدا ئېتىزلىقلار پارچە - پۇرات ئېتىزلاردىن
تەركىب تاپاتتى. ئەڭ چوڭ ئېتىزلىق ئۈچ ياكى تۆت
مودىن ئېشىپ كەتمەيتتى. كىچىك ئېتىزلىقلار بولسا بىر -
ئىككى پۇڭ (شۇنداق ئاتاش ئومۇملاشقان) كېلىشەتتى.
يەنە كېلىپ ھەر بىر ئائىلىگە تەۋە ئېتىزلىقلار بىر يەردىلا
بولمايتتى. يەر تەقسىم قىلغاندا ئېتىزنىڭ ياخشى - يامنى
دەرىجىگە ئايرىپ تەقسىم قىلىنغاچ، تەۋە بولغان ئېتىزلىق-
لارمۇ بەزىدە ئۆيگە يېقىن يەردىن، يەنە بەزىدە يىراقراق
يەردىن تېگىپ قالاتتى.

بوغداي ئورۇغاندا ئاۋۋال پىشقان يەرنى تېز ئورۇ-
ۋېلىشقا كۆچىشەتتى. بوغداي ئورۇشتا ئولتۇرۇپ ئورۇش
ۋە تىزلىنىپ ئورۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل
بولاتتى. ئادەتتە بوغداينى قالايمىقان ئورۇشتىن قاتتىق
ساقلىناتتى. قالايمىقان ئورۇغاندا ئەنجىنى رەتلىك باسقىلى
بولماي توشۇغاندا بوغداي باشقى سۇنۇپ كېتىشەتتى.
شۇڭلاشقا بىر باشتىن رەتلىك ئورۇشقا ئەھمىيەت بېرىشەت-
تى. بۇ خىل ئورۇش سول ئېلىش، دەپ ئاتىلاتتى.
بوغداي سول ئېلىنىپ رەتلىك ئورۇلغاندىن كېيىن ئىككى
خىل ئۇسۇلدا يېيىلاتتى. بىرىنچى خىلى، ئورۇلغان
بوغداي ئورۇلغان ئورۇنغا تەكشى يېيىلاتتى، يەنە بىر
خىل ئۇسۇلى، سول ئېلىش داۋامىدا يېيىلماي، ئارىلىق
تاشلىنىپ رەتلىك بېسىلىپ ميڭىلاتتى.

يۇرتىمىزدا بوغداينىڭ پىشىش ۋاقتى قەشقەرگە قارد-
غاندا كېيىنرەك بولغاچ، قەشقەر تەرەپلەردە ئورمىسىنى
ئورۇپ، خامىنىنى ئېلىپ بولغان، بەشكېرەم، ئاۋات،
ئاققاش قاتارلىق جايلاردىكى ئورما ئورۇشقا ئۇستا كىشە-
لەر ئۇستۇن ئاتۇشقا كېلىپ ئورما ئورۇشاتتى. ئۇلار
كۆپرەك ئىشلەپ جىقراق پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەچ
سۈرئىتى تولىمۇ تېز ئىدى. بىر كۈندە بىر مودىن
كۆپرەك يەرنى ئورۇپ بولۇشاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئالدىرد-
غانلار ۋە ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمايدىغانلار
شۇلارغا ئورما ئورۇتىشاتتى. ئالدىرىمىغانلار ياكى ئائىلە-
سىدە ئادەم كۆپ ئائىلىلەر ئۆزلىرى ئورۇشاتتى. بىر قا-
راپلا مەلۇم ئېتىزلىقتىكى بوغداينىڭ ئىگىسى ياكى ئىشلەم-
چىلەر تەرىپىدىن ئورۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. چۈنكى
شۇ ۋاقىتلاردا ھەر ئائىلىدە قوي، كالا، ئېشەك قاتارلىق
ھايۋانلار بولغاچ، ئۇلارنىڭ قىشلىق يېمىكى بولغان سا-
مانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى ئورۇغانلار بوغداي-
نى تېگىدىن پاكىز ئورۇشاتتى. ئىشلەمچىلىككە كېلىپ
ئورما ئورۇيدىغانلار بولسا سۈرئەت قوغلىشىپ، ئورما
ئورۇشىدىغان بولغاچ، بوغداينى رەتلىك ئورۇسىمۇ يەنىلا
بىر غېرىچ ئەتراپىدا بوغداينىڭ كۆتىكى قالاتتى.

بوغداي ئورۇلغاندا ئائىلە ئەزالىرى ھەرىكەتكە كەل-
تۈرۈلەتتى. بەزىدە بوغدىيى پىشمىغان كىشىلەر ياردەمگە
كېلىشەتتى. ئىلاجى بار تېز ئورۇپ ئېلىشقا تىرىشاتتى.

بوغداي ئورۇش ۋاقتى ئەتىگىنى باشلانسا كەچتە
ئارام ئېلىشاتتى. تاڭ سەھەردە ۋە گۇگۇمدا سالقىندا
بوغداي ئورۇش بىر قەدەر ئىش ئاۋۇتاتتى.

ئويلاپ باقسام ئائىلىدىكى ياشلار سەھەر ۋە كەچتە
كۆپرەك ئوما ئورۇشقا قاتنىشىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ سال-
قىننى قوغلىشىپ، ئۆزىنى ئۇپراتمىغىنى ھېسابلىنىدىكەن.
ئەمما چوڭلار قاق چۈشتە كۆپرەك ئورما ئورۇشاتتى.
بۇنى شۇ ۋاقىتلاردا پەقەتلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمايتتىم.
شۇنداق ئىسسىقتا چۈشتە ئورما ئورۇش مېنىڭ چۈشەنچەمدە

ئـلاجسىزلىقتەك، ئـامال بـار تـېز ئـورما ئـورۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىشى دەپ قارايتتىم. ئەمما كېيىن بىلدىمكى بۇنىڭمۇ قانۇنىيىتى بار ئىكەن. چۈنكى ئىسسىق، قاق چۈشتە ئورما ئورۇغاندا كۈچلۈك ئاپتاپ بەدەندىكى سوغۇقنى ھەيدەيدىكەن. شۇڭلاشقا چوڭلار ۋە ياشانغانلار ئىسسىقتا ئورما ئورۇشقا ئادەتلەنگەنىكەن. ئىسسىقتا ئورما ئورۇش ئۇلارنىڭ بەدەن ۋە مىزاجىنى تەڭشەشتىكى دورا ھېسابلىنىدىكەن. دېمەك ئىسسىقتا ئورما ئورۇشمۇ چوڭلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى كۈتۈشتىكى بىر ياخشى ئۇسۇل ئىكەن.

چوڭلار ئادەتتە مەيلى كەچ ياكى چۈشتە بولسۇن، ئاق دوپپا، ئاق كۆينەك كىيىپ ئورما ئورۇشاتتى. مەھەللىمىزدىكى مامۇت باي دېھقان دېگەن كىشى دەل چۈشتە ئاق كۆينەك كىيىۋېلىپ يالغۇز ئورما ئورۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئاق كۆينەك كۈن نۇرىنى توسۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئىسسىقتا زىيادە چارچاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن، بۇمۇ چوڭلارنىڭ ئىسسىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ئىكەن.

چۈشتە ئورما ئورۇيدىغان چوڭلار بىر چەينەك سوغۇق چاينى ئېلىۋېلىشاتتى. ھەر قېتىم بىر ئۇزۇن سولنى تارتىپ بولغاندا، ياكى ئازراق ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا سايىدىغاچ چاي ئىچىشىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىشاتتى ھەم بەدەن نەملىكىنى ساقلىشاتتى.

ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان ئېتىزلىقلاردىكى بۇغدايلار ئورۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئورۇلغان ئەنجىلەر ئىككى-ئۈچ كۈن ياكى بىر ھەپتە ۋاقىت ئاپتاپقا سېلىناتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا يامغۇر يېغىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىنكى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئورۇلغان ئەنجىلەر ئۆرۈلۈپ ئاستىدىكى نەم تەرەپ كۈنگە سېلىنىش ئارقىلىق قۇرۇتىلاتتى. قۇرۇپ يۆتكەشكە بولىدۇ، دەپ قارالغان ۋاقىتتا ئاندىن خامان سېلىشقا تەييارلانغان يەرگە توشۇيتتۇق.

## خامان ئورنىنى بېكىتىش ۋە تەييارلاش

ھەر قېتىم دادامنىڭ خامان ئۈچۈن تەييارلىغان يېرى ئوخشاش بولمايتتى. يەر قىس بولغاچ، مەخسۇس خامان ئورنى قىلىدىغان يەر بولمايتتى. خامانلىق ئېتىزلار ئىچىدىكى بۇغداي تېرىلغان يەر ئىچىدىن تاللىناتتى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىسا بىر يەرنى ئارقىمۇئارقا ئىككى يىل ئۇدا خامان ئورنى قىلمايدىغىنى، خامان ئورنىنى ھەر يىلى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە بىر ئورۇن داۋاملىق خامان ئورنى قىلىنىۋەرسە، يەر قېتىپ كېلەركى يىلى تېرىلىدىغان زىرائەتنىڭ ھوسۇلىغا زىيان يېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم.

خامان ئورنى تاللىغاندا دادامنىڭ دائىم ئېگىزرەك كەلگەن يەر تاللاپ خامانلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدا قوناقلىق ۋە دەل دەرەخلەرنىڭ يوق ياكى ئاز ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى كۈنلەردە بىلىپ يەتتىم. چۈنكى بۇنداق يەرلەردە شامال يۆنىلىشى بىر قەدەر ئېنىق بولۇپ، خامان سورۇغاندا پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدىكەن ھەم شامالنى قوناقلىق ۋە دەرەخلەر توسۇپ ئاجىزلاشتۇرمايدىكەن.

خامانلىققا تاللانغان يەرلەر سۇ ئېقىندىن يىراقراق بولاتتى. چۈنكى تاساددىپىي قاچقان سۇلار خامانلىققا كىرىپ كەتسە ۋاقتىدا خاماننى ئالغىلى بولمايلا قالماستىن، يەنە بۇغدايلار بىخ ئۇرۇپ كېتەتتى. بىر يىللىق ھوسۇل كېمىيىپ ئاۋارىچىلىق بولاتتى.

خامانلىق تاللىغاندا يەنە ئۆز ئېتىزلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. چۈنكى بىر ئائىلىگە قاراشلىق ئېتىزلىقلار بىرلا يەردە ئەمەس، ھەر يەرگە چېچىلغان، پارچە-پۇرات ئېتىزلىقلار بولغاچ، بۇغداي ئەنجىسىنى خامانلىققا توشۇپ كېلىشكە ئەپلىك بولۇشىمۇ ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلاتتى. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى شەرتكە يېقىن بولغان بىرەر پارچە ئېتىز خامانلىق قىلىپ تاللىناتتى.

ئالدى بىلەن خامان قىلىنىدىغان ئورۇن تاللانغاندىن كېيىن، خامان قىلىنىدىغان يەر تۈزلىنىپ تۆمۈر گۈرجەك بىلەن ئېگىزلىقتىكى بۇغداي كۆتەكلىرى تەكشى پاكىز قىرىلاتتى. ئاندىن قومۇش سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈلگەندىن كېيىن تەييارلانغان قوم چېچىلاتتى. ئاندىن قوم ئۈستىدىن سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈلۈپ، يېرىقچىلار ئېتىلەتتى. ئاندىن سۇ چېچىلىپ قۇرۇغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كىچىك سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈلەتتى. مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب يەرنى قاتۇرۇپ، يەردىكى ئېرىقچىلارنى تولدۇرۇپ، خامان ۋاقتىدا بۇغداي دانچىلىرىنىڭ شۇ يېرىقچىلار

ئارىلىقىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولاتتى.

خامانلىق تەييار بولغۇچە ئورۇلغان بۇغداي ئەنجىلىرىمۇ قۇرۇپ تەييار بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر تەرەپتىكى ئېتىزلىقلاردا ئورۇپ تەييارلانغان ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان بۇغداي ئەنجىلىرىنى گاھىدا ئېشەك ھارۋىسىدا گاھىدا يۈدۈپ توشۇپ كېلەتتۇق.

بۇغداي ئەنجىلىرىنى يۈدۈپ توشۇشتا كەم بولغاندا ئۈچ ئادەم بولمىسا بولمايتتى. ئاۋال تەييارلانغان ئارغامچا ئىككى قات قىلىنىپ بىر ئادەم بۇغداي ئەنجىلىرىنى ئورغاق بىلەن ئارغامچا ئۈستىگە رەتلىك قىلىپ باساتتى. ئەنجە يۈددىغان ئادەمنىڭ كۆتۈرۈش قۇۋۋىتىگە مۇۋاپىق بولدى دەپ قارالغاندىن كېيىن، باغلىنىپ يۈدۈتۈپ قويۇلاتتى. بۇغداينى توشۇغان ئادەم گاھىدا ئېگىز قىرلارنى، گاھىدا پەس ئېتىزلىقلارنى بېسىپ، ھەتتا ئېرىق ئۈستەڭلەرنى ئاتلاپ كېچىپ خامانلىققا كېلەتتى. ئېلىپ كەلگەن بۇغداي ئەنجىسىنى قالايمىقان قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئاۋال رەتلىك قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە قاراپ بىر ياكى ئىككى ئادەم ئارا ئارقىلىق چۆۋۈپ خامان مەركىزىنى چۆرىدەپ دۆۋىلەيتتى. بىر ئېتىزنىڭ ئەنجىسى توشۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئاياللار بالىلار بىلەن باشاق تېرەتتۇق. چۈنكى بۇغداي ئورغاق بىلەن ئورۇلغان بولغاچ ھەم ئېتىزلىقتا بىر ھەپتىدەك ئاپتاپقا سېلىنغاچ، بۇغداي باشاقلىرى سۇنۇپ قالاتتى. بۇغداينىڭ ئەنجىسى توشۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئېتىزلىقلاردا ھەقىقەتەن نۇرغۇنلىغان باشاقچىلار قالاتتى. بۇغداي باشاقچىلىرىنى پاكىز تېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىمىزنىڭ قوي، كالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئوتلىتاتتۇق. چۈنكى يەنە ئۇششاق، بىر قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان باشاقچە ۋە دانلار قالغان بولاتتى. بۇلارنى قوي، كالىلار تاپالايتتى. بۇ دانلار كالا ۋە قويلارنىڭ ھەققى ھېسابلىناتتى. بىز خامان ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش بولۇپ، قوي، كالىلارنىڭ ھالىدىن تازا دېگۈدەك خەۋەر ئالالمايدىغان مۇشۇ ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئۇسۇلدا قوي، كالىلار بېقىلاتتى. بالدۇر بولغاندا ئىككى كۈن، كېچىككەندە بىر ھەپتىدە بۇغداي ئەنجىلىرى خامانلىققا توشۇلۇپ كېلىنىپ خامانلىقتا بۇغداي ئەنجىسى دۆۋىسى تاغ ياسايتتى.

## خاماننى ئاپتاپقا سېلىش

خامان دۆۋىلەنگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئاپتاپقا سېلىناتتى. ئاپتاپقا سېلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال پىرامىدا شەكىلدىكى خاماندىكى ئەنجىنى تۆت ئەتراپىغا پەس تەرىپىدىن باشلاپ تۆت ئەتراپىغا يۇمىلاق چەمبەر شەكلىنى چىقىرىپ ئاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى خاماننىڭ چۆرىسىدە قاشا شەكلىدە بۇغداي ئەنجىسى تېمى ھاسىل بولۇپ، خامان دۆۋىلەنگەن مەركىزىي ئورۇن ئېچىلاتتى. بۇ ئارقىلىق خاماننىڭ مەركىزىي ئورنىدىكى ئاستىغا بېسىلىپ قالغان بۇغدايلار چەمبەر شەكلىدىكى قاشانىڭ ئۈستىگە چىقىپ قۇرۇتۇلاتتى. ھەم خامان مەركىزىي ئورنى ئاپتاپقا سېلىناتتى. ھەم خامان مەركىزىدىكى بېسىلىپ قالغان بۇغدايلارغا شامال ئۆتۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. خاماننىڭ مەركىزىي ئورنى ئېچىلىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، چەمبەر شەكلىدىكى بۇغداي ئەنجىسى باشقىدىن ئارا ئارقىلىق خامان مەركىزىگە بۇرۇنقىدەك ھالەتتە دۆۋىلىنىپ، چەمبەر شەكلىدىكى چۆرىسى ئېچىلاتتى. مۇشۇنداق بىر- ئىككى قېتىم سىرتى ۋە ئىچىگە ئېتىلغاندىن كېيىن خامان قېتىشقا بولىدىغان ھالەتكە كېلەتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا بىر مەھەللىدە يەتتە- سەككىز ھەتتا ئۇنىڭدىن جىق خامانلىق پەيدا بولاتتى. بۇ خامانلىقلار ھەقىقەتەنمۇ بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشاتتى. قوشنا مەھەللىلەرنىمۇ خامانلىقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئەتراپ پىرامىدا شەكىلدىكى، يوغان ئېگىز خامانلىق بىلەن تولۇپ كېتىشەتتى. كىشىلەر خاماننىڭ قاۋسى (توغرىسى ۋە ئېگىزلىكى)غا قاراپ قانچىلىك بۇغداي ۋە سامان چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى.

## خامانلىقتىكى ئويۇنلار

خامان دۆۋىلەنگەندىن كېيىن قويلىرىمىزنى بۇغداي ئورۇپ بولۇنغان ئېتىزلىققا قويۇۋېتەتتۇق. قويلار ئېتىزلىقتىكى چالا قالغان بۇغداي باشاقلىرىنى ئۈزدەپ يېيىشىپ بىر ياققا كېتىشمەيتتى. بىز بولساق خاتىرجەم ھالدا خامانلىقتا مۆكۈشمەك ئوينىشاتتۇق. ياكى بۇغداي باشاقلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ خامانلىققا تاشلاپ، بۇغداي غولىنى سۇندۇرماي يانجىپ كۆرۈۋالغىنىمىز بويىچە بىر نېمىلەرنى ياسايتتۇق. چوڭلار ئىچىدە بۇغداي غولىدىن ھەرخىل چىغ

قالپاق، كىچىك سېۋەتلەرنى توقۇيدىغانلىرى بولاتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن بۇغداينىڭ باشاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، غولنى بويى تەڭ ھالەتتە قىلىپ بىر سىقىم قىلىپ تەييارلايتتى. ئاندىن ئۇنى ئوتتۇرىسىدىن باغلاپ ئۈستەڭگە ئاپىرىپ تاشنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇشاتتى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاتتىق بۇغداي غوللىرى يۇمشاپ ئەۋرىشىم ھالەتكە كېلەتتى. سۇ ئاستىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن ئازراق قۇرۇتۇلۇپ نەملىكى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەرخىل بۇيۇملارنى ياسايتتى. جۈملىدىن خاماندا كېيدىغان، ئاپتاپنى توسىدىغان چىغ قالپاقنى تەييارلىشاتتى. بەزىدە كىچىك سېۋەتچاقلارنى ياساپ ئۇنىڭغا مېۋە ئېلىشاتتى. بىز شۇ چىغ قالپاقلارغا قاتتىق ھەۋەس قىلاتتۇق، ھەم ئۆزىمىزدە شۇنداق بىر قالپاق بولۇشنى قاتتىق ئارزۇ قىلاتتۇق. لېكىن بىر چىغ قالپاق نۇرغۇن بۇغداي غوللىرىدىن پۈتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خامان ۋاقتىدا كىشىلەر ئالدىراش بولىدىغان بولغاچ، بۇنداق قالپاقنى توقۇيالايدىغانلارنىڭ بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋاقتى چىقمايتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بىز كۆرۈۋالغىنىمىز بويىچە بۇغداي غولىدىن چىغ تەييارلايتتۇق. ئۇنى ئۈستەڭگە ئاپىرىپ سۇغا باساتتۇق. ئالدىراپ كەتكىنىمىزدىن بىر كۈندە نەچچە قېتىم سۇ ئاستىدىن ئېلىپ قاراپ باقاتتۇق. ئاخىرى تەخىر قىلالماي ياندۇرۇپ كېلىپ قوي باققاچ توقۇشنى باشلايتتۇق. بېشىنى كۆرۈۋالغىنىمىز بويىچە چىرايلىق باشلايتتۇق. باشلىيالمساق بىزدىن چوڭ باللار باشلاپ بېرەتتى. يۇملاق ھالەتتە كۆرۈنۈشلەر چىقاتتى. ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھېچنېمىگە ئوخشىمايتتى، ئاخىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتىمىز ۋە قۇربىمىز يەتمەيتتى - دە، يا تاشلىۋېتەتتۇق ياكى باشقىلارغا بېرەتتۇق. كېيىن ئۇنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ياكى چۇۋۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرەتتۇق. ئاخىرىغا چىقىرالمايدىغانلىقنى بىلسەكمۇ ھەر يىلى ئارزۇلىرىمىزدىكى چىغ قالپاقنى ياساش ئۈچۈن يېڭىدىن ئىش باشلايتتۇق، ئاقىۋەت يەنىلا ئوخشاش بولاتتى.

خامانلىقتا باللار بىلەن يەنە بۇغداي باشقىنى ئېزىپ كاپ ئېتىپ يېيىشەتتۇق. بۇ خىل ئويۇننى ئويناشقا تولىمۇ ھەۋەسىمىز بار ئىدى، بۇغداي باشاقچىلىرى ئىچىدىكى تېخى قاتمىغان باشاقلارنى ئىزدەپ تاپاتتۇق. ئاندىن كېيىن ئۇنى ئالىقاندا ئېزىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن بىر قولىمىزنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ ئاۋايلاپ پۈدەپ قىلتىرىقىنى ۋە بۇغداي قاسراقلىرىنى ئۇچۇرۇۋېتەتتۇق. ئاندىن قېپقالغان يالتىراپ تۇرغان دانلارنى ئاغزىمىزغا سالاتتۇق. تېخى قاتمىغان بۇغداي دانلىرى بىر خىل ساپ سۈيۈقلۇق تەمنى بېرەتتى.

خامان ۋاقتىدىكى يەنە بىر ئويۇن ئورۇلغان ئېگىز (ئاتۇش تەلەپپۇزىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئېتىزلىقنى ئېگىز دەپ ئاتايدۇ) ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىشقا بەسلىشىش ھېسابلىناتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يالاڭ ئاياغ يۈرۈشكە ئادەتلىنىشكەن. شۇڭلاشقا پۇتىمىز ئورۇلغان بۇغداي كۆتىكىنى دەسسىسىمۇ ھېچنېمە بولمايتتى. قوي باققاچ كىمنىڭ پۇتىنىڭ چىدامچانلىقى، قورقماسلىقىمىزنى سىناش ئۈچۈن كۆتىكى ئېگىزرەك قىلىپ قالغان ئېگىزلىقتا بۇغداي كۆتىكىنى دەسلەشتە بەسلىشەتتۇق. ئاۋۋال بەسلەشكەن ئىككى تەرەپ ئاياغلىرىنى سېلىپ، رەتلىك بەغداي كۆتىكىنى يالاڭ ئاياغ دەسسىشىپ بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشەتتى. پۇت ئالقىنىنى قورۇۋېلىپ دەسلەپ مېڭىشقا بولمايتتى. كىم ئاۋۋال تېز يېتىپ بارسا يەڭگەن بولاتتى. يەنە بىر خىلى ئېگىزدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولۇپ، بىر قانچە بالا ئېگىزلىقنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرەپ بېرىشتا بەسلىشەتتۇق. بۇ خىل مۇھىت ۋە تەكرار ئويۇنلاردا پۇتىمىز يالىڭاچ ھالەتتە تەبىئەت بىلەن جىق ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى.

## خامان ئېلىش

ئېشەك ۋە كالا قاتقان خامان بىلەن قول تىراكتورى قېتىلغان خاماندا قېتىلىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدىغىنى ئېنىق ئېسىمدە. ئېشەك ۋە كالا قېتىلغان خاماندا خامانلىق ئاخىرقى قېتىم بۇغداي ئەنجىلىرى خامان مەركىزىگە دۆۋىلىنىش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى چۆرىسىگە چەمبەر شەكلىدە قاشا چىقىرىپ تەييارلىنىپ، بىر كىرىش ئېغىزى ئېچىلاتتى. ئاندىن ئېچىلغان خامان مەركىزىگە بىر كىچىكرەك تۆشۈك (ئورەك) قېزىلىپ قۇرۇپ كەتكەن، ئادەمنىڭ يوتىسى چوڭلۇقىدەك ئىككى- ئۈچ مېتىر كېلىدىغان قۇرۇق ياغاچ ئورنىتىلىپ، تۆشۈك قۇملار بىلەن ئېتىلەتتى، ئاندىن بېكىتىلگەن ياغاچ مومىغا قوشنا - قولۇملارنىڭ

ئېشەك ۋە كالىلىرى قېتىلىپ خامان ئېلىناتتى.

تىراكتور ۋە قول تىراكتورلىرى بىلەن تۇلۇقتاش سۆرۈتۈلۈپ ئېلىنىدىغان خاماندا خامان مەركىزىي ئىچىلەمايتتى. ئەكسىچە ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلىنىپ، ئوتتۇرىسىدىن چۆرىسىگە ئاز - ئازدىن يېيىتىلىپ، ئۈستىگە تىراكتورلار تاش سۆرەپ مېڭىش ئارقىلىق ئېلىناتتى.

كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئېشەك ۋە كالا بىلەن خامان ئېلىنغاندا، ئالدى بىلەن بىر قانچە كۈندە بىر قېتىم خاماننىڭ ئەنجىسى تۆت ئەتراپقا تۇماقنىڭ يۇملاق قىرى شەكلىدە دۆۋىلىنىپ خاماننىڭ مەركىزىي قىسمى ئېچىلىپ ئەنجە ۋە خاماننىڭ ئوتتۇرىسى ئاپتاپقا سېلىناتتى. بۇ خىل ئاپتاپقا سېلىنىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاخىرىدا خامان قېتىشقا بولدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن يەنىلا يۇملاق، ئوتتۇرىسى بوش شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، بىر كىرىش ئورنى قالدۇرۇلاتتى، خاماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا موما باغلىناتتى. بۇ كۈنى قوشنىلارنىڭ، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ئېشەكلىرى ئارىيەت ئېلىپ كېلىنىپ مومىغا چېتىلاتتى. ئادەتتە يۇگۇرۈك ئېشەك چۆرىسىگە، ھۇرۇن ياكى قېرىراق ئېشەكلەر مومىنىڭ تۈۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئادەتتە تۆت، بەش ئېشەك بىلەن بىر خاماننى قېتىپ كەتكىلى بولاتتى. ئەمما بىر كۈندە پەقەت بىرلا خامان قېتىلاتتى، بىزنىڭ مەھەللىدە ئىمىت تاغام، رېھىم تاغام قاتارلىقلارنىڭ ئېشىكى بار ئىدى. يەنە بىر قانچە ئېشەك بىر يەرلەردىن كەلتۈرۈلەتتى، ئۇ كۈنى كىچىك باللار خاماندا ئېشەك ھەيدەشكە، چوڭلار تۆت ئەتراپتىكى ئەنجىنى ئېشەكلەرنىڭ يەنجىشىگە ئۇدۇللۇق ئوتتۇرىغا تاشلاپ تۇراتتى. ئېشەكلەرنىڭ بوغدايىنى يەۋېلىشى، شۇنداقلا تېزەكلەپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزى ئېشەكلەرنىڭ ئاغزىغا يۇگەن سېلىپ قويۇلاتتى. چاققانراق ئىككى بالا نۆۋەتلىشىپ بىر چويلىنى كۆتۈرۈپ ئېشەكلەرنى ھەيدىگەچ تېزەكلىشىگە دىققەت قىلاتتى، ناۋادا ئېشەك شۇنداقلا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپلا قالسا قولىدىكى چويلىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا تۇتاتتى ھەمدە خامانلىققا ئېشەك تېزىكىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى، ئېشەك قوغلايدىغان باللار چوقۇم مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئالمىشاتتى. چۈنكى يۇملاق دائىردىنى بويلاپ داۋاملىق ئايلىنىش، ئېشەكنىڭ كەينىدىن يۇگۈرۈش باللارنىڭ بېشىنى پىرقىرىتىۋېتەتتى. كىچىك باللار خامانلىققا ئېشەك قوغلاشقا كىرگۈزۈلمەيتتى. چۈنكى تېز ئايلىنىۋاتقان ئېشەكلەر ئارقىدا قالغان باللارنى دەسسىۋېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇدۇللۇق تاشلانغان ئەنجىلەر مېڭىۋاتقان ۋە گاھىدا يۇگۇرتۇلگەن ئېشەكلەرنىڭ تۇيۇقىدا پارچە - پارچە بولۇپ يانجىلىپ ئېزىلەتتى، تاشلانغان ئەنجىلەر ئېزىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆت ئەتراپىدىكى ئەنجىلەر ئۇدۇللۇق تاشلىناتتى.

خامان ئېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى، ئۆرۈش ھېسابلىناتتى. خامان ئۆرۈش ئىككى خىل بولاتتى، بىرىنچىسى، ئىككى ئادەم بىر نۇقتىدىن ئىچى - سىرتىدىن بىر - بىرىگە قاراپ تەڭلا ئۆرۈش، ئىككىنچىسى، ئىككى ئادەم ئىككى نۇقتا يەنى خامان چەمبىرىنىڭ ئوتتۇرىسى يەنى 180 گىرادۇس نۇقتىسىدا ئىچى ياكى سىرتىدىن ئۆز ئالدىغا ئۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئادەتتە ئۆرۈش تۆت ئەتراپتىكى ئەنجىلەر پۈتۈنلەي تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەنجىنىڭ ئېشەكلەرنىڭ تۇياقلىرىدا ئېزىلىش ئەھۋالىغا قارىتا خامان ئۆرۈش باسقۇچىغا كېلەتتى. بىر نۇقتىدىن خامان ئۆرۈش دېگىنىمىز — يانجىلغان ئەنجىلەر ئۈستىدە تال - تال بولۇپ ئېزىلىپ يۇمشاق ھالەتتە كېلەتتى. ئاۋۋال قولغا ئېلىپ بېقىلىپ، يۇمشاپتۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ئىككى كىشى خاماننىڭ ئىككى تەرىپىدىن يەنى ئىچى سىرتىدىن بىر - بىرىگە ئۇدۇل ھالەتتە تۇز سىزىق بويىچە ئېشەكلەرنىڭ مېڭىش يۆنىلىشىنى بويلاپ يۇمشىغان ئەنجىلەرنى ئېرىقچە چىقىرىپ يۇمشىقىنى ئاستىغا، قاتتىقىنى ئۈستىگە ئۆرۈيتتى. ئىككى نۇقتىدىن خامان ئۆرۈيدىغانلارمۇ خاماننىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە ئۆرۈشۈپ شۇ تەرىقىدە يەنە بىرسى ئۆرۈشنى باشلىغان يەرگە كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تېگىدىكى يۇمشالماي قالغان ئەنجىلەر ئۈستىگە، ئۈستىدىكى يۇمشىغان ئەنجىلەر ئاستىغا ئۆتۈپ خاماننىڭ تەكشى يۇمشىشىغا ئاساس سېلىناتتى. ئارقىدىن بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە كېلىپ ئالدىنى ئېچىپ كەينىنى تولدۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە خامان ئۆرۈشنى داۋاملاشتۇراتتى. موشۇ ئۇسۇل بويىچە پۈتۈن خاماننى بىر قېتىم تولۇق ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېشەكلەر يېرىم سائەتچە چاپتۇرۇلاتتى، ئۈستى يۇمشىغاندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە خامان

ئۆرۈشنى باشلاپ ئاستىدىكى قاتتىق ھالەتتىكى ئەنجىلەر- نى ئۈستىگە چىقىرىشاتتى، ئادەتتە مۇشۇ ئۇسۇلدا بەش- ئالتە قېتىم ئۆرۈلگەندىن كېيىن خامان ئاساسەن قېتىلىپ بولدى، دەپ قارىلاتتى.

ئۆرۈش ئادەتتە تۆت- بەش قېتىمدىن ئارتۇقراق بولاتتى. پۈتۈن بوغداي باشاقلىرى ۋە غوللىرى قولغا ئالسا توختىماي سىيرىلىپ چۈشكۈدەك بولغاندا خامان قېتىپ بولۇنغان بولاتتى.

## خامان تامىقى

كىچىك ۋاقىتلاردا ئادەتتە خامان قاتقاندا پولۇ كۆپرەك ئېتىلىدىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا پولۇ پەقەت توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يېتىملەردە ئېتىلىدىغان بولغاچ، خامان ۋاقتىمۇ پولۇ ئېتىش ئالاھىدە چوڭ ئىش ھېسابلى- ناتتى. ئېتىلىدىغان پولۇ گۆش پولۇ ئەمەس بولۇپ، ئادەت- تە چامغۇر باسقان پولۇلار كۆپرەك ئېتىلەتتى، چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا سەۋزە تېخى پىشمىغان بولغاچقا قوناقلىق ئارى- سىغا تېرىلغان چامغۇرلاردىن پولۇ ئېتىلەتتى.

ئادەتتە خامان تامىقى خاماننىڭ قېتىلىپ بولۇشىغا ئۈلگۈرتۈلۈپ ئېتىلەتتى. ھەرگىزمۇ بالدۇر بولۇپ قالمايت- تى. چۈنكى بالدۇر بولۇپ قالسا خاماننىڭ قېتىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا تاماق تەييارلى- قى تەق بولۇپ، خامان قېتىلىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا خەۋەر بېرىلەتتى، ئارىلىقتا خامانلىققا يوغان چەينەكلەردە ئىسسىق دەملەنگەن چاي ياكى قايناق سۇ، بەزىدە سوغۇق چاي يۇمشاق بەش- ئالتە نان، تۆت- بەش چىنە بىلەن ئېلىپ كېلىنىپ، سايىراق يەرگە قويۇپ قويۇلاتتى ھەممە يوغان لېگەندە يېڭىدىن پىشقان ئۆرۈكلەر پاكىز يۇيۇلۇپ ئېلىپ كېلىنەتتى. قورساق ئاچقانلار ئەھۋالغا قاراپ، بىر چىنە قىزىق ياكى سوغۇق چاينى يۇمشاق نان بىلەن تۇگۇرۇپ يەپ تۇرسا بولاتتى، ئەمما ئۆرۈكنى چوقۇم تەڭ ئولتۇرۇپ بىللە يېيىلەتتى.

خامان قېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشەكلەر سايە يەر- لەرگە ئازراق بېدە تاشلىنىپ باغلىنىپ قويۇلاتتى. كىشىلەر خامان تامقىغا ئېغىز تەگكەچ يانپاشلىنىپ ھاردۇقىنى چىقى- رىشاتتى، تاماق يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك يەنە خامانلىققا كېلىپ خاماننى بۆلۈش ئىشىغا قاتنىشاتتى.

## خامان يوقلاش

شۇ ۋاقىتلاردا ئۆي سېلىش ۋە خامان ئېلىش قاتار- لىق قول تۇتىدىغان، كۆپ ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلاردا كۆپچىلىك مەھەللە ياكى ئۇرۇق- تۇغقاندارچىلىق- نى ئاساس قىلىپ ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشاتتى. چۈنكى بۈگۈن بىر ئۆيدە خامان ئېلىنسا، ئەتىسى يەنە بىر ئۆيدە ئېلىنىدىغان بولغاچ، بۈگۈن بۇ ئۆيدە خامان ئېلىشىپ بەرسە؟ ئەتىسى ئۇ خامان ئالغاندا بۇلارمۇ ياردەمگە بې- رىشاتتى، ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارمۇ ئازراق قارىشىپ بېرىپ ئاندىن مېڭىشاتتى. بۇ خىل ئىشلار ئادەت- كە ئايلانغاچ كېلىدىغان ئادەملەر بەزىدە بەك جىق بولغاچ، قولۇم - قوشنا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار شۇ كۈنى خامان قېتىلىۋاتقان ئۆيگە خامان يوقلىشىپ تاماق سۇنۇ- شاتتى. ئادەتتە چامغۇر كۆكىدىن قىلىنغان مانتا، بىر، ئىككى لېگەن ئۆز بېغىدا پىشقان ئۆرۈك، تاپالىغانلىرى بىر قاچىدىن قېتىق ئېلىپ كېلىشەتتى. بۇ تاماقلار ئاۋۋال



ئۆيگە سۇنۇلاتتى. ئاندىن بىر قىسمى خامانلىققا چىقىرىلە-
شاتتى. دېمەك، خامان ئېلىنغان كۈنلەر مولچىلىق بىر
كۈن ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقىمۇ خامان ئېلىش بىز كىچىك-
لەر ئۈچۈن ئېسىل تاماقلارنى يېيىش ۋە كۆڭۈللۈك ئويۇ-
نىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش سورۇنى ھېسابلىناتتى.

## خامان بۆلۈش ۋە سوپۇرۇش

خامان يۇمشاپ بولۇنغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئېشەكلەر
ئارام ئالدۇرۇلاتتى، مەلۇم ۋاقىت ئارام ئالدۇرۇلۇپ بول-
غاندىن كېيىن ئاندىن قورسىقى توقلىنىپ ئېگىسىنىڭ ئۆيە-
گە بىر باغلام بېدە ياكى شاخ بىلەن بىللە رەھمەت ئېيتى-
لىپ قايتۇرۇلاتتى. مەيلى خامان قېتىپ بولۇنسۇن ياكى
بولۇنمىسۇن چۈش ۋاقتى ئېتىزلىققا يەل - يېمىش كەلتۈرۈ-
لەتتى. خامان يۇمشاپ بولۇنغاندىن كېيىن ئاندىن ئېشەك-
لەر سايىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا كىشىلەر خامان قىلىنغان
ئۆيگە بېرىپ داستىخانغا داخىل بولاتتى. تاماق يېيىلىپ
بولغاندىن كېيىن، يۇمشىغان ئەنجىلەر ئۆزئارا پاراللېل
ئۇزۇن ئىككى دۆۋە قىلىناتتى. ئاندىن خامانىنىڭ تېگى
سۈپۈرۈلۈپ پاكىزلىناتتى. قىلىنغان دۆۋىنىڭ بېشى چوقۇم
غەربىي - شىمال بىلەن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە
بولاتتى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا خامانلارنىڭ دائىملا مۇشۇ
يۆنىلىشتە ئۇزۇن دۆۋىلىنىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم، مۇشۇ يۆ-
نىلىشتىن ھالقىغان خامان دۆۋىسىنى كۆرگىنىم يوق.
كىچىك ۋاقتىمدا بۇ توغرىسىدا ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن،
ھازىر ئويلىسام بۇ خامان سورۇشتىكى شامال بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك ئىكەن، چۈنكى يۇرتىمىزدا ياز كۈنى ئاساسەن
غەربىي شىمال، قىيپاش شىمال شامىلى چىقىدىكەن، ھەمدە
شەرقىي جەنۇبتىكى تاغدىن يانغان شامال (شەرقىي شىمال
شامىلىنىڭ قايتقان قىسمى)مۇ مۇشۇ يۆنىلىشتە قايتىدىكەن،
شۇڭلاشقا خامانلار مۇشۇ يۆنىلىشتە ئۇزۇن ئىككى دۆۋە
قىلىنىدىكەن.

## خامان سورۇش

خامان دۆۋە قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر ئىككى
كۈن ئارام ئېلىناتتى. بۇ ئارىلىقتا چوڭلار باشقىلارنىڭ
خامان ئىشىغا قارىشىپ بەرگەچ شامالنىڭ چىقىشىنى ساق-
لايتتى. شامال ئادەتتە سەھەردە ياكى كەچتە كۆپرەك چى-
قاتتى. مەن سەھەردە دادامنىڭ ئالدىراش ھالدا ئاكىلىرىم-
نى ئەگەشتۈرۈپ ئارا، كۈجەك (ياغاچ گۈرجەك، ئۈستۈن
ئاتۇش تەلەپپۇزىدا كۈجەك دېيىلىدۇ)لەرنى ئېلىپ ماڭغان-
لىقىنى كۆرەتتىم. كۈن كۆتۈرۈلگەندە مەنمۇ خامانلىققا
چىققاندا بۇغدايلارنىڭ ئىككى دۆۋە ئوتتۇرىسىدا ساما-
لارنىڭ ئارىسىدا قىزىرىپ تۇرغانلىقىنى، سامانلارنىڭ شا-
ماللارنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۇچۇپ قاتتىقراق سامانلار-
نىڭ دۆۋە ھاسىل قىلغانلىقىنى، يۇمشاق توزۇندىلىرىنىڭ
قار ئۇچقۇنلىرىدەك توزۇپ سامان دۆۋىسى ئارقىسىدا
يەر يۈزىنى خېلى بىر يەرلەرگىچە قاپلاپ يېيىلىپ تۇرغان-
لىقىنى، ھەتتا خامانلىققا يېقىن بولغان پاكارراق جىگدىلەر-
نىڭ ، قوناقلارنىڭ شاخلىرىدا توزۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرەت-
تىم.

خاماننى سورۇشتا شامال يۆنىلىشى ئىنتايىن مۇھىم
بولۇپ، ئاساسلىق شامال غەربىي شىمال شامىلى بولۇپ،
تاڭ سەھەردە چىقاتتى. خامان سورۇغاندا ئالدى بىلەن
ئىككى دۆۋە بۇغداي ئوتتۇرىسىدىكى خامان مەركىزى
سۈپۈرۈلۈپ پاكىزلىناتتى. ئاندىن ئىككى دۆۋىنىڭ بېشى-
دىن ئوتتۇرىدىكى بوش يەرنىڭ بوشلۇقىغا ئېتىلاتتى.
شامال ساماننى ئۇچۇرتىپ، بۇغداي دېنى ۋە قاتتىق، ئې-
زىلمىگەن سامانلار ئوتتۇرىغا چۈشەتتى. سامانلارنىڭ
ئۇچۇپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سامان
ئۇچقان يۆنىلىشتە قاتتىق ياغاچ ياكى چوڭ سۈپۈرگىلەر
توغرىسىغا قويۇلۇپ قويۇلاتتى. سامانلار شۇلارغا ئۇرۇ-
لۇپ توختاپ دۆۋە ھاسىل قىلاتتى. ئازراق سامان دۆۋ-
سى ھاسىل بولغاندا ياغاچ ياكى سۈپۈرگىلەر ئېلىۋېتىلەت-
تى. كېيىن ئۇچقان سامانلار شۇ دۆۋىگە ئۇرۇلۇپ
توختاپ تېخىمۇ يوغىناتتى. بىر ئادەم مەخسۇس چوڭ سۈ-
پۈرگە بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلانغان بۇغداي دۆۋىسى بىلەن
ئېگىزلەۋاتقان سامان دۆۋىسى ئوتتۇرىسىنى سۈپۈرۈپ تۇ-
راتتى، دان چىقسا دان دۆۋىسىگە، سامان چىقسا سامان
دۆۋىسى تەرەپكە سۈپۈرەتتى.

خامان سورۇشتا بىر ئىككى ئادەم باشقا دۆۋىلەنگەن
دۆۋىنى ئوتتۇرىغا ئاتسا، يەنە بىر - ئىككى ئادەم ئىككى
دۆۋىنىڭ يىراقراق يەرلىرىنى سورۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدى-
غا تۇرتۇپ ئەكىلىپ خامان سورۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ
بېرىشەتتى. يەنە بىرى چوڭ سۈپۈرگە بىلەن ئوتتۇرىغا
تاشلانغان دانلارنىڭ ئۈستىنى يېنىك سۈپۈرۈپ، قېپقىزىل
بۇغداي دانلىرى ئارىسىغا قاتتىق سامانلارنىڭ ئارىلىشىپ

قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. مۇشۇ خىل تەرتىپتە شامال ئاجىزلاشقىچە ياكى توختىغىچە خامانلىقنى ئاز - ئازدىن بولسىمۇ سورۇپ بىر يەرگە ئاپىرىشاتتى.

ئادەتتە بىر خاماننى يېرىم كۈندە قېتىپ بولغىنى بىلەن بىر ھەپتىدىمۇ سورۇۋالغىلى بولمايتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىدىغان بولغاچ، گاھىدا شامال چىقمىسا ھەپتىلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئىسسىق، تىنجىق كۈنلەردە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى ئازراقلا شىلدىرلىسا دەرھال خامانلىققا كېلىپ بىر ئارا بۇغداي دۆۋىسىنى بولسىمۇ شامالغا سىلىشقا تەقەززا بولاتتى، گاھىدا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىغان بىلەن شامال يەر يۈزىگە كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىلغان بۇغداي دۆۋىسى دان ۋە سامان بىللە چۈشۈپ ئىلگىرى سورۇۋالغان بۇغداي دانلىرىغا سامانلار ئارىلىشىپ كېتەتتى. موشۇنداق ئەھۋالدا شامالنىڭ يەر يۈزىدىكى كۈچىنى بىلىش ئۈچۈن سورۇلغان بۇغداي دانلىرى ياكى سورۇلمىغان بۇغداي دۆۋىسى ئۈستىگە كۈجەك ياكى ئارا سانجىلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە لاتا ئېسىلىپ قويۇلاتتى، بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدە شامالنىڭ بارلىقنى ۋە يۆنىلىشىنىڭ قايسى تەرەپكە ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى.

بۇغداي سورۇشتا كەلگەن شامال ۋە يانغان شامال ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىلاتتى. كەلگەن شامال دېگىنىمىز، خامان سورۇش پەسلىدە كۈچلۈكرەك كەلگەن شامال يۆنىلىشى بولۇپ، كۆپرەك غەربىي شىمال يۆنىلىشتىكى شامال مەلۇم ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاجىز ھالەتتە ياناتتى.

بۇ يەردە شامال يېنىشىنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. ئۈستۈن ئاتۇش تاغ ئارىسىدىكى يۇرت بولغاچ غەرب، جەنۇب، شىمال تەرىپى تاغلار بىلەن قورشىلىپ، پەقەت شەرق تەرىپىلا ئازراق ئوچۇقچىلىق بولغاچ، غەربىي شىمال شاملى كەلگەن پېتى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقتىن چىقىپ كېتەتتى. ئازراق قىسمى ئاجىز شامال ھالىتىدە جەنۇب تەرەپتىكى تاغلاردىن توسۇلۇپ ياناتتى. گاھىدا شەرقىي جەنۇب شاملى ئاجىز ھالەتتە چىقاتتى، بۇنى چوڭلار قايتقان شامال، دەپ ئاتىشاتتى.

شامال ئادەتتە بىر سائەتتىن يېرىم كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاندىن ياناتتى. دېھقانلار شامالنىڭ يانىدىغان ۋاقتى ھەققىدىكى مۆلچەرى ئاساسەن توغرا چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئارىلىقتا ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئىشلىرىنى قىلىۋېلىپ، شامالنىڭ يېنىشىغا ئۈلگۈرۈپ ئېتىز بېشىدا پەيدا بولۇشاتتى، تەخمىنەن بالدۇر بولغاندا ئىككى كۈندە، بولمىسا بىر ھەپتىگىچە بۇغداي سورۇش ئاياغلىشاتتى.

بۇغداي سورۇشتا خامان دۆۋىسىنى ئارا بىلەن شامال يۆنىلىشىگە ئاتقاندا قالايمىقان ئاتسا بىر بولسا بۇغداي ئۇچۇپ كېتىدۇ، يەنە بىر بولسا سامان ئۇچماي بۇغداينىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال خامان دۆۋىسىگە ئارىنى تىقىپ بىر ئارا تولدۇرۇپ ئالغاندىن ئارا ئادەم بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈز كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن چوقۇم ئارىنىڭ يۈزىنى شامال كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ قىيپاش قىلىپ توغرىلاپ بوشلۇققا تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا بۇغداي ئۆز جايىغا چۈشۈپ سامىنى ئۇچۇپ كېتىدۇ. ناۋادا تۈپتۈز كۆتۈرۈلۈپ، تۈپتۈز ھالەتتە شامالغا تاشلانسا بۇغداي دانلىرى سامان بىلەن تەڭلا ئۇچۇپ كېتىدۇ، بۇ ھالقا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، شۇڭلاشقا خامان سورۇغاندا چوڭلار ئالدىراپ خامان سورۇشتىن خەۋىرى يوق كىشىلەر ۋە كىچىكلەرنىڭ خامان سورۇشىغا يول قويمايتتى. يەل قويسىمۇ ئۇسۇلنى تەكرار كۆرسىتىپ، بىر، ئىككى قېتىم تاشلىتىپ كۆرۈپ بېقىپ، يارىسا ئاندىن قاتناشتۇراتتى. ئۇلار بۇغداينىڭ سامان بىلەن تەڭلا ئۇچۇپ كېتىپ بىر يىللىق ئەجرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى خالىمىغانلىقتىن شۇنداق قىلاتتى.

بىرىنچى قېتىم خامان سورۇش ئاياغلىشىپ بۇغداي دانلىرى بىلەن سامانلار ئايرىۋېلىناتتى. سامانلار قاتتىق - يېنىك ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلەتتى، سامان دۆۋىسى قوي، كالىلارنىڭ ھەققى ھېسابلىناتتى. سامانلار تولىمۇ يۇمشاق ئېزىلگەن بولۇپ، قىش كۈنى ئۆيدە بېقىلىۋاتقان ھايۋانلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكى ھېسابلىناتتى، شۇڭلاشقا ئىلاجى بار ھەممە ساماننى سامانلىقىمىزغا توشۇپ ئېلىپ كېتەتتۇق. كېلەركى يىلى خامان ۋاقتىغىچە شۇ سامانلارغا قوناق، بېدە، گاھىدە كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۆيدىكى بار بولغان كالا، قوي، ئېشەكلەرنى باقاتتۇق.

سامان دۆۋىسىنىڭ دائىرىسى ئۇزۇنسىغا بولاتتى. سامان دۆۋىسىنىڭ كەينىدە خېلى بىر يەرلەرگىچە يەڭگىل، ئۇششاق سامانلار توزۇپ كېتەتتى. بۇنىمۇ

سۇپۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتۇق. سۇ سامانىنىڭ پاكىزلىرىنى
قويلار يەيتتى، سەل توپا ئارىلاشقانلىرىنى ئېلىپ قويۇپ
يېڭى ئۆي سالغاندا ئۆي سۇۋاشقا ئىشلىتىلەتتى. لايغا
سامان ئارىلاشقاندا تامدا چىلىك تۇرۇپ يېپىشقاقلىقنى ئا-
شۇرغىلى بولاتتى، چۇشۇپ كەتمەيتتى. بۇنداق سامان ئا-
رىلاشقان لايدا يەنە ئۆگزىگە لاي سالاتتۇق، شۇنداق
قىلغاندا قاتتىق مۇستەھكەم بولۇپ، سالغان لاينىڭ يېرى-
لىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئوگايلىقچە يامغۇر ئۆتمەيتت-
تى. سامان بىلەن بۇغداي دۆۋىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇششاق
پارچىلانغان، ئەمما غولى يانجىلمىغان قاتتىق سامانلار ئۇ-
چالماي قېلىپ قالاتتى. بۇنىڭمۇ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى بار
ئىدى. يەنى بۇ خىل ساماندىن مەخسۇس تەكرە (تەكي،
ئۇستۇن ئاتۇش تەلەپپۇزىدا تەكرە دېيىلىدۇ) تىكىلىشكە
ئىشلىتىلەتتى. يۇمشاق ساماندىن تەكرە ياسىسا تەكرە ئىش-
لىتىلىش داۋامىدا بېسىلىپ كېتەتتى. ئۇششاق پارچىلانغان،
ئەمما غولى يانجىلمىغان ساماندىن ياسالغان تەكرە بولسا
بېسىلىپ كەتمەيتتى، ھەر ئائىلىدىكى تەكرىلەر ئاساسەن
موشۇنداق ساماندىن تەييارلىناتتى.

بۇغداي سورۇشتا ئاۋال ئارا ئارقىلىق بۇغداي بىلەن
سامانىنى ئايرىش باسقۇچى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىككىن-
چى قېتىمدا دەسلەپكى قەدەمدە ساماندىن ئايرىۋېلىنغان
بۇغداي چەشلىرى كۆجەك بىلەن يەنە بىر قېتىم شامالدا
سورۇلاتتى. بۇغداي چەشلىرى خامان سورۇغاندىكى
ئېتىش ئۇسۇلى بىلەن ئېتىلاتتى. بۇ قېتىمدا بوغداي چەش-
لىرى ئىچىدىكى ئېزىلمىگەن باشاقلار بىلەن ئۇششاق
تاشلار ۋە چالمىلار ئېرىغدىلىپ چىقىلاتتى. بۇنىڭ ئۇسۇلى
مۇنداق: بىر ياكى ئىككى ئادەم يەڭگىل ياكى كۆچلۈك-
رەك شامالغا ياغاچ كۆجەك بىلەن يەرگە دۆۋىلەنگەن قىپ-
قىزىل بۇغداي باشاقلىرىنى شامالغا بېقىپ ئېگىزلىكتە ئاتى-
دۇ. بۇ قېتىمدا بۇغداي ئۇسۇلغان كۆجەك ئادەم بويى ئې-
گىزلىكتە ئېتىلماي، پەقەت بۇغداي سورۇۋاتقان ئادەمنىڭ
كۆكرەك ئېگىزلىكىگە چىققاندا بولدى قىلىدۇ. چۈنكى
بەكلا ئېگىز ئېتىلسا بۇغداي ئۇچۇپ كېتىدۇ. شامالدا
بۇغداي دۆۋىسىدىن ئايرىلغان يانجىلمىغان باشاقلار بىلەن
ئۇششاق تاشلار ۋە چالمىلارنى سۇپۇرۇپ ئېلىپ يانغا
تاشلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن خامانى كۆجەك بىلەن سورۇش
ئاياغلاشقان ھېسابلىناتتى.

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىملىق بۇغداي
سورۇش باسقۇچى باشلىناتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شامال بول-
مىسىمۇ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يوغان بىرې-
زىنت پارچىسى ياكى ئەدىيال تەييارلىنىپ داق يەرگە سېلى-
ناتتى. ئاندىن بىر غەلۋىر ۋە ئۆتكەمە تەييارلىناتتى.
غەلۋىر دېگىنى چۆرىسى ياغاچ، ئاستى تەرىپى ئىنچىكە
سىمدىن تور شەكلىدە قويۇق ۋە زىچ توقۇلغان يۇملاق
ئەسۋاب، ئۆتكەمە دېگىنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى،
ياسىلىشى غەلۋىرگە ئوخشاش، ئەمما شالاڭراق بولغان
ئەسۋاب بولاتتى. بۇ خىل بۇغداي سورۇشتا ئىككى ئادەم
يېيىتىلغان بىرېزىنت ۋە ئەدىيال ئۈستىدە ئۆتكەمىنى
ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرۇشاتتى. بىر
ئادەم بۇغداي دۆۋىسىدىكى بۇغداينى داس بىلەن ئۇسۇپ
ئۆتكەمىگە تۆكەتتى، ئۆتكەمىنى تۇتقان ئىككى ئادەم
ئىككى بېشىدىن سىلكىيتتى. بۇغداي دانلىرى ئۆتكەمىنىڭ
تۆشۈكىدىن بىرېزىنت ياكى ئەدىيال ئۈستىگە چۈشەتتى.
ياغاچ كۆجەك ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىملىق بۇغداي سو-
رۇشتا پاكىزلانماي قالغان ئېشىندىلار ئۆتكەمىدە قالاتتى.
موشۇنداق ئۇسۇلدا ئەسلىدىكى بۇغداي دۆۋىسى بىرې-
زىنت ۋە ئەدىيال ئۈستىگە تاسقىلىپ يۆتكىلىپ، ئۆتكەمە-
دىن ئۆتمىگەن قالدۇقلار تاشلىناتتى. قالدۇقلار ئارىسىدا
مەلۇم مىقداردا بۇغداي دانلىرى ۋە ئېزىلمىگەن باشاقلار
بولاتتى. بىر خاماندىن تەخمىنەن بىر خالتا ئەتراپىدا مو-
شۇنداق قالدۇقلار چىقاتتى، بۇلارنى خالتىغا ئېلىپ كېتەت-
تۇق، بۇلار ئۆيدىكى توخۇلارنىڭ ھەققى ھېسابلىناتتى.

ئۆتكەمە بىلەن بۇغداي تاسقاپ ئاياغلاشقاندىن
كېيىن مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن غەلۋىر بىلەن بۇغداي يەنە
بىر قېتىم ئورۇن يۆتكىلىپ تاسقىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئازراق بولسىمۇ شامال لازىم بولاتتى. بۇ بۇغداينىڭ خا-
مانلىقتىكى ئەڭ ئاخىرقى تازىلىنىشى بولۇپ، ئاساسلىق
مەقسىتى بۇغدايدىكى توپا - چاڭلارنى چىقىرىۋېتىش
ئۈچۈن بولاتتى. شۇڭلاشقا شامال بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى.
بۇنىڭ ئۇسۇلىمۇ غەلۋىرگە ئوخشاش بولۇپ، بىر
ئادەم غەلۋىرنى تۇتۇپ تۇراتتى. بىر ئادەم داس بىلەن
بۇغداينى ئۇسۇپ كېلىپ غەلۋىرگە تۆكەتتى. غەلۋىر تاسقى-
لىپ چاڭ-توزانلار شامالدا ئۇچۇپ پاكىز مەرۋايىتتەك
بۇغداي دانلىرى بىرېزىنت ياكى ئەدىيالغا چۈشەتتى،
موشۇ ئۇسۇلدا پاكىزلانغاندىن كېيىن بۇغداي ئۆيگە ئەك-
رىۋېلىش باسقۇچىغا كېلەتتى.

## خامان ساقلاش

كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا چوڭلار خامان سورۇلۇشقا باشلانغان كۈندىن باشلاپ خامان ساقلاپ يېتىشاتتى. گاھىدا بىزمۇ ئۆيدە كېچىسى تىنجىق ھېس قىلىشساق خامانلىققا چىقىپ ياتاتتۇق، بىز ئۈچۈن خامان ساقلاش پەقەت يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ تەگسىز خىياللارنى سۈرۈش ۋە غۇر-غۇر شامالدا سالقىنداش ئۈچۈن بولاتتى. چوڭلارغا نىسبەتەن خامان ساقلاشتىكى مەقسەت سورۇلغان بۇغدايلارنى ساقلاش ئۈچۈن بولۇشتىن كۆرە يېرىم كېچىدە كېلىپ قالىدىغان شامالنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن بولاتتى. مەن دائىم خامانلىقتا ياتقان ۋاقىتلىرىمدا ئەتىگەنلىكتە قوپۇپلا چوڭلارنىڭ سەھەردىلا چىققان شامالدا خامان سورۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. يەنە بىر نۇقتىدىن يۇرتىمىزدا ياز كۈنى ھەرقانچە ئىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئېتىزلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتتا قونۇشنى ئەيىب سانايتتى. ئۆيى تۇرۇپ سىرتتا قونۇش باشقىلارغا دەخلى قىلىدىغان ۋە يىتكەن نەرسىلەرنىڭ گۇماندارى بولۇپ قالاتتى. ئەڭ مۇھىمى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ يېزى ئۆي ھاۋاسى بىلەن سىرتنىڭ ھاۋاسى جىق پەرقلەنمەيتتى. شۇ سەۋەبلەردىن خامان ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتتا ئوچۇقچىلىقتا قونۇشنى، تۈنەشنى تازا ياخشى كۆرۈپ كېتىشمەيتتى، پەقەت يىلدا بىر كېلىدىغان خامان ۋاقتىدا ئاندىن خامانلىقتا بىر، ئىككى ھەپتە ھاۋا يېيىشەتتى.

خامانلىقلار بىر-بىرىگە يېقىن بولغاچ، كەچتە بىر ۋاقىتلارغىچە يېقىن دائىرىدىكى سورۇلۇپ بولغان خامانلىقنى مەركەز قىلىپ پاراڭ سېلىشاتتۇق، تۈن بىر يەرگە بېرىپ ئەسنەك تۇتقاندىلا ئاندىن ئۇيقۇغا تۇتۇش قىلىشاتتۇق.

## خامان ئۇسۇش

بۇغداي ئۇسۇلۇشتىن بۇرۇن سامان توشۇلاتتى. (قىسقارتىلدى) بۇ بىز كىچىكلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ جاپالىق جەريان ھېسابلىناتتى، سامان توشۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئاندىن بۇغداي ئۇسۇلاتتى. بۇغداي ئۇسۇش خامانىنىڭ پوتۈنلەي ئېلىپ بولۇنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. خامان ئۇسقاندا ئالدى بىلەن چوڭلاردىن بىرى كېلىپ ئۈستىدە تۇرۇپ بېرىشەتتى، بۇغداينىڭ قانچىلىك چىققانلىقىنى ھېسابلاشتا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىناتتى. بىرىنچىسى، بۇغداي تەييارلانغان تاغارلارغا ئۇسۇلۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدا پالاننىڭ خامانلىقى ئونبەش تاغار، پۇستاننىڭ خامانى يىگىرمە تاغار چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلىشاتتۇق. كونكرېتنى ئېغىرلىقى ھەققىدە ھەممە ئادەمدە مۆلچەر بولاتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا بىر تاغارغا ئون چارەك (يۈز كىلو) ئەتراپىدا بۇغداي پاتاتتى. ناۋادا گىر بىلەن ئۆلچىسىمۇ تەخمىنەن بولسىمۇ شۇنچىلىك چىقاتتى. يەنە بىر خىلى، چوڭ گىر يوق ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن بىر داسنى ئۆلچەم قىلىپ بىر داس بۇغداي تۇرۇزا (تارازا) بىلەن ئېغىرلىقى ئۆلچىنەتتى. ئاندىن بۇغدايلار داس بىلەن ئۇسۇلۇپ تاغارلارغا قاچىلىناتتى. ئاخىرىدا بىر داس بۇغداينىڭ ئېغىرلىقى ئۇسۇلغان ئومۇمىي داسنىڭ قېتىم سانىغا كۆپەيتىلىپ چىقىرىلاتتى. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھېسابلاپ چىقىرىلغان بۇغداينىڭ ئېغىرلىقى بىر قەدەر ئىشەنچلىك ھېسابلىناتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدىغان تارازىلار يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان تارازىلار بولۇپ، بىر مەھەللىدە بىر ياكى ئىككىسىلا بولاتتى. قىرىق ئەللىك سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى چوكىسىنىڭ كۆتىكىدىن ئۈچ يەردىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ بۇرجەك ھالەتتىكى يىپ چۆرىسى نېپىز تارىشىدىن ئېگىلىپ، ئاستى تېرە بىلەن قاپلانغان قاسقىنىغا تۇتاشتۇرۇلغان، چوكىسىغا ئېغىرلىق كۆرسىتىدىغان ئىنچىكە بەلگىلەر ئويۇلغان، يىپ ئۆتكۈزۈلگەن، تەخمىنەن مۇشت چوڭلۇقىدىكى تاش ئېسىلغان، تارازا چوكىسىنىڭ كۆتىكىنىڭ ئاستىنقى تەرىپى تارازا قېپىغا تۇتاشقان يەرنىڭ ئۈستىدىن تارازىنى كۆتۈرىدىغان ھالقىسىمان يىپ ئۆتكۈزۈلگەن بولاتتى. بۇ خىل يەرلىك تارازىلارغا تەخمىنەن ئون كىلوگىرام ئەتراپىدا بۇغداي پاتاتتى.

بۇغدايلار ئۇسۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، قانچىلىك چىققانلىقىغا قارىتا ھېسابلىنىپ، شۇ مەھەللىدىكى ئېتىزى يوق ياكى ئاز كىشىلەر، يېتىم-يېسىرلار، مۇساپىرلارغا بەلگىلىك نىسبەتتە بۇغداي ھەدىيە قىلىناتتى. بۇنى يەرلىك تىلدا كەپسەن، دەپ ئاتىشاتتى. بىزنىڭ ئائىلىدە كۆپرەك كەپسەن تاغدىكى قويىمىزغا قارىشىپ بېرىدىغان چارۋىچى تونۇشلارغا ئاتاپ ئېلىپ قويۇلاتتى، ئاخىرىدا تارازا ھەققى دەپ بەش كىلودىن ئون كىلوغىچە بۇغداي تارازا ئىگىسىگە ھەدىيە قىلىناتتى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)

# مونىكۋاي



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. راست ئىكەن، يالغان ئىكەن. ئەلمىساقتىن قالغانىكەن. كونا ئۆيدە گەمدە، تاغقا يېقىن مەھەللىدە بىر جۇۋازچى بولغانىكەن. يېشى ئاتمىشكە تولغانىكەن. ئىسمى ئىكەن مونىكۋاي، قارا قورساق تۇرۇكۋاي، بويى ئىكەن ئۇچ غېرىچ، ساقىلى بولسا بىر غېرىچ، ھەر كۈنى ساتار ئىكەن ياغ، دىل جامىغا تولار ئىكەن داغ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەكلىماكاننىڭ نېرىسىدە، سالپاڭ قۇلاق بوز ئېشەككە چاۋا ياغنى ئارتىپ، تۆش-قوشقۇننى راسا تارتىپ «ياغ، ياغ!» دەپ توۋلاپ مېڭىپتۇ، ماجالى قالماي بەكمۇ ھېرىپتۇ، شور بۇلاققا ئاران يېتىپتۇ. تەشنالىقىغا راسا قېنىپتۇ. كەپتۇ تاتلىق ئۇيقۇسى، ھېچ كەلمەپتۇ قوپقۇسى، خورەك تارتىپ ئۇخلاپتۇ، چۈشىدە خىزىر يوقلاپتۇ. شۇ مىنۇتتا ئۈچ بايۋەتچە يولدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار مونىكۋاينى بىر ئىقلىم ئادەم كۆرۈپتۇ. ئۈچ بايۋەتچە تاز ئىكەن، ساقىلمۇ ئاز ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، مونىكۋاينىڭ ساقىلىنى كېسۋالماقچى بولۇپتۇ ۋە تۈيدۈرماي مەقسەتلىرىگە يېتىپ، مونىكۋاينىڭ ئويغىنىپ نېمە قىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن مونىكۋاي ئويغىنىپ ساقىلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، قۇيقا چاچلىرى تىكەنلىشىپ، چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلاپتۇ. ئامال يوق ئېشەككە ياغلىرىنى ئارتىپ، يولغا راۋان بوپتۇ ۋە سەل نېرىسىدىكى ئەسكى تام دالدىسىدا ئۈچ ئادەمنىڭ خىرقىراپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا مونىكۋاي ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ، ئۇ بىرىنچى بولۇپ سالپاڭ قۇلاق بوز ئېشەكنى ئاشۇلارغا ساتماقچى بولۇپتۇ-دە، ئېشەكنىڭ قوشقۇنلىرىغا ئاۋايلاپ داچەنلەرنى تىزىپتۇ. ھېلىقى بايۋەتچىلەرنىڭ قېشىغا يېقىن كەلگەندە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، «قىخى، ئىتنىڭ ئامانەتى» دەپ قوشقۇنغا بىر تاياق سالغانىكەن، ھېلىقى داچەنلەر شاراقلاپ يەرگە چېچىلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان بايۋەتچىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئېشەكنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. مونىكۋاي ئالدىرىماي تۇرۇپ:

— غوجىلىرىم، بۇ ئېشەك بۈگۈن ئاچ قالغان چېغى، شۇڭا داچەن تېزەكلىدى، كۆك بېدىگە راسا تويسا ئالتۇن-كۈمۈش تېزەكلىشىدە گەپ يوق، بۇ ئېشەك مېنىڭ بايلىقىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپكە ئىشەنگەن بايۋەتچىلەر ئېشەكنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ-دە، «ئېشەكنى بىزگە سات» دەپتۇ. مونىكۋاي يالغاندىن «ياق» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بايۋەتچىلەر زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ. مونىكۋاي ئېشەكنى نائىلاج ئۇلارغا ساتماقچى بولۇپ، 6000 تىللا باھا قويۇپتۇ. بايۋەتچىلەر ئۇيان دېيىشىپ، بۇيان دېيىشىپ ئاخىرى ئېشەكنى تۆت يېرىم مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ. مونىكۋاي پۇلنى قويىنىغا سالغاندىن كېيىن ئېشەكنىڭ قانداق قىلسا ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆپ تېزەكلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەپتۇ: «بىر كۈن كەچكىچە كۆك بېدىگە

راسا تويغۇزۇڭلار، بىر ئۆينى بولۇشغا زىلچە- گىلەم،
شىرداق، پاياندازلار بىلەن بېزەڭلار، كەچتە چىراغنى ئۆچ-
ۈرۈۋېتىپ، ئۆزۈڭلار يالاڭ ئاياغ ۋە يالاڭباشتاق
بولۇپ ئۈچلۈق تاياقنى بېقىنغا سانىماي سانجىپ، «تېزەك-
لەڭ ئېشىكىم، تېزەكلەڭ، ئالتۇن- كۈمۈش تېزەكلەڭ»
دەپ بولۇشغا قوغلاڭلار. ئېشەك قانچىكى كۆپ ئۇرسا،
شۇنچە كۆپ تېزەكلەيدۇ، قوغلاشنى تاڭ ئاتقۇچە داۋام-
لاشتۇرساڭلار ئاسان بېيىپ كېتىسىلەر». بۇ ئىشنىڭ تەس
ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقان ھاماقەت بايۋەتچىلەر ئاغزىنى
كالاچتەك ئېچىپ، ئېشەكنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەمدى
مونكۇۋاي ئۆيگە كەتكەچ تۇرسۇن. بۇ بايۋەتچىلەرنىڭ
ئېشەكنى قانداق تېزەكلەتكەنلىكىنى ئاڭلايلى: بايۋەت-
چىلەر ئېشەكنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن نۆۋەت
بىلەن تېزەكلىتىشنى توختاملىشىپ، ئالدى بىلەن چوڭ ئا-
كىسىغا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن بېرىپتۇ. چوڭ ئاكىسى
ئېشەكنى ئەمدى پاقلان بولغان كۆك بېدىگە قويۇپ
بېرىپ، بىر ئۆينى پادىشاھنىڭ ئۆيىدەك بېزەپتۇ. تېزرەك
كەچ بولۇشنى كۈتۈپ، تاقىتى تاق بولۇپتۇ. بۇ شۇنداق
قىلىپ ئېشەكنى كۆك بېدىگە راسا تويغۇزۇپ، سامان
تىقىقان تاغاردەك قورساق سالغان ئېشەكنى ھېلقى ياسى-
داق ئۆيگە ئەپكىرىپ بولۇشغا قوغلاپتۇ. ئېشەك ھەر
ماڭدامدا كوتۇلدىتىپ ئۇسۇرۇپ بولۇشغا شاخىنا قويغىلى
تۇرۇپتۇ. ئىگىسى بولسا قوغلاشنى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاش-
تۇرۇپتۇ. خوراز «قى- قىق» دېگەندە، ئوتتۇرانچى ئىنى-
سى ئىشىك قېقىپتۇ. ئۇمۇ ئېشەكنى ئېلىپ ئاكىسىدەك
قىپتۇ. ئۇ «ماڭمۇ خېلى كۆپ تېزەكلەپ بەردى. راسا
باي بولىدىغان بولدۇم» دەپ تۇرۇشغا كەنجى ئىنىسى
ئىشىك قېقىپتۇ. ئۇ ئېشەك ماڭا كەلگەندە «كۆپ تېزەكلە-
سۇن» دەپ راسا تويغۇزۇپ، ئۆيلىرىنى ئاكىسىدەك
پۈزۈر ياساپ، بىر كېچە قوغلاپ چىقىپتۇ. ئېشەك ھەر بىر
ئۇسۇرغاندا كۆڭلى شېرىن خىياللار دەرياسىغا غەرق
بولۇپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆڭلى كېتىپ قوغلاشنى
توختىتىپ، ئايالىغا چىراغ ياقتۇرغانىكەن، نەدە پۇل
بولسۇن؟ پاياندازلىرى شاخىنىلار بىلەن بۇلغىنىپ رەسۋا
بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ قىسمەتتىن كۆزلىرى چەكچەي-
گەن، چىشلىرى كىرىشكەن، مۈشتلىرى تۈگۈلگەن ئىنىسى
دەرھال ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ ۋە
ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، ئوتتۇرانچىسى
چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئەھۋالنىڭ ئوخشاشلىقىنى

كۆرگەن ئاكا- ئۇكىلار مونكۇۋايدىن ئىنتىقام ئېلىش
ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئاڭغىچە مونكۇۋاي يەنە بىر چارە
ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە تەييارلىنىپتۇ. ئۇ بۇ
قېتىم ئۆيگە بىر سازەندە يىغىپ، بولۇشغا ساز چالدۇ-
رۇپ، مورىسىنىڭ ئۈدۈلىدىن بىر نان پاتقۇدەك تۆشۈك
تېشىپ قويۇپ، ئىشىك- تۈڭلۈكنى تاقاپ، قولىغا ئۇستىرا
ئېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەيۋە بىلەن كەلگەن بايۋەتچىلەر ئۆيگە
كىرەلمەي تام ئارقىسىنى ئايلىنىپ، ئۆيدىكى ياڭراق
نەغمە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە قۇلىقىنى
تۆشۈككە يېقىن ئەپكېلىپ ساز ئاڭلىماقچى بوپتۇ. ئالدى
بىلەن چوڭ ئاكىسى ئوڭ قۇلىقىنى تۆشۈككە يېقىن ئەكې-
لىپ چاپلاپ تۇرۇپ ساز ئاڭلىغانىكەن، تەييارلىنىپ
تۇرغان مونكۇۋاي «شارت» قىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى كېسى-
ۋاپتۇ. ئۇ، ئوڭ قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ «ۋاي مەن
ئاڭلىدىم، ۋاي مەن ئاڭلىدىم» دېگىنىچە بولۇشغا قېچىپ-
تۇ. ئاڭغىچە تاقىتى تاق بولغان ئوتتۇرانچىسى كېلىپ قۇل-
قىنى تۆشۈككە ياققانىكەن، ئۇمۇ ئاكىسىنىڭ قېشىغا ئاران
بېرىپتۇ. ئاخىرىدا كىچىك ئۇكىسىمۇ ئاقىۋەتتىن قۇرۇق
قالماپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ چولاق بولۇپ
قالغىنىغا قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، بۇ قېتىم مونكۇۋاينى
چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش پىلانىنى تۈزۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چې-
پىپتۇ، ئاڭغىچە مونكۇۋاي بىر پىلان ئويلاپتۇ- دە، خوتۇ-
نىنىڭ بويىنىغا قان ئېلىنغان ئۈچەينى يۆگەپ، ئۇلارنىڭ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاكا- ئۇكىلار ئۆيگە كىرىش
بىلەن تەڭ مونكۇۋاي ئۇلارنى تۆرگە باشلاپ، قولىغا
سۇ تەڭلەپ، چاي بەرمەكچى بولۇپتۇ ۋە:

— ئانىسى، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن،
قاتلىما- پوشكال ئېلىپ كەل، مېھمانلار مەززە قىلسۇن، —
دەپتۇ. مەسلىھەت بويىچە ئايالى بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ:

— نەدە قاتلىما- پوشكال بولسۇن؟ ھوي قەلەندەر،
كانايغا ياغ يوق، سۇنايغا ياغ نەدە؟ — دەپتۇ. مونك-
ۋاي ئورنىدىن قوپۇپ:

— سەن ماڭا جاۋاب قىلدىڭ، تاكاللاشتىڭ، — دەپ
ئايالنى بېسىپ كانىيغا پىچاق ئۇرۇپتۇ. ئۈچەيدىكى قانلار
شارقىراپ يەرنى بوياپتۇ. بۇنى كۆرگەن بايۋەتچىلەر ياقا-
لىرىنى تۇتۇپ غال- غال تىترەپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ-
تۇ. مونكۇۋاي بولسا:

— قورقماڭلار، ئولتۇرۇڭلار، بۇ ئايال ھازىر تىرىلى-
دۇ، سىلەر تاماق يەپ كەتمىسەڭلار كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، —

دەپ قازناق ئۆيدىن بىر ياغاچ چوماقنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە ئايالىنىڭ يوتىسىغا ئىككىنى ساپتۇ. ئايالى: «لەببەي» دەپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق هازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بايۋەتچىلەر بارلىق ئاچچىقىنى ئۇنتۇپ، چوماقنىڭ سىرىنى بىلىشكە تىرىشىپتۇ. مونكۋاي يوق ساقلىنى سىيلاپ قويۇپ: «خەير بوپتۇ، بۇ سىرنى دەپ بەرسەم دەپ بېرەي» دەپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ، خاسىيەتلىك چوماق، يانغان، جاۋاب قىلىدىغان، جاۋابخور ئادەمنى ئەدەپلەيدىغان، يىكتەك ئادەم قىلىدىغان چوماق، قاراڭلار، ئاۋۇ ئايالىنىڭ تۈزەلگىنىنى، قول-قولغا، پۇت-پۇتىغا تەگمەي تاماق ئېتىشكە هازىرلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن بايۋەتچىلەر چوماقنى سېتىۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ بەك بىشەم، جېدەلخور، شەددات، ئەرلىرىنى «پوش» دېمەيدىغان ئاياللار ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چوماقنى ئۈچ مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ ۋە ئايالىنى تۈزەشكە كىرىشىپتۇ. بۇ قېتىم ئىشنى يەنە چوڭ ئاكىسىدىن باشلاشقا قوشۇلۇپتۇ. چوڭ ئاكىسى چوماقنى يەڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ كۆرەڭلىگەن هالدا ئۆيگە كەپتۇ-دە:

— خوتۇن، ئوخشتىپ بىر لەڭمەن ئەتكىن، — دەپتۇ. ئايالى:

— ۋاي كورەك تۇماق تاز، سەن مېنى نېمە سەنلەيسەن؟ — دەپ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئىككىنى كاچاتلاپتۇ. ئېرى بولسا ئايالىنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ، بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن هېلىقى چوماق بىلەن ئىككىنى ئۇرۇپتۇ. ئۆلگەن ئايالى مىدىر قىلماپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ئوتتۇرانچى ئۇكىسى يىغلاپ:

— ئايالىم ماڭا بەكمۇ خاپا قىلدى، ئەكەل چوماقنى، بىر تۈزۈۋالاي، — دەپ كەپتۇ. ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئاكىسى:

— ئۇكام، مېنىڭ ئايالىم يامان تۈزەلدى، تۈزلىكى يىكتەك، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇمۇ ئاكىسىنى دوراپ ئايالىدىن قۇرۇق قاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كىچىك ئۇكىسى چوماقنى ئېلىپ كېتىپ، ئايالىنى ئاكىلىرىدەك تۈزەپتۇ، ئۇ بەش چوماق ئۇرۇپتۇ، ئايالىنى تىرىلدۈرەلمەپتۇ. ئەڭ ئاخىرى بۇ ئۈچ تۇغقان بىر يەرگە كېلىشىپ داد-پەرياد ئۇرۇشۇپ، قاڭقىر قاقشاپ، بۇدا قېتىم مونكۋاينى چوقۇم ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچىپ يولغا چىقىپتۇ. مونكۋاي يەنە بىر هىيلە ئويلاپ تېپىپ، ئوچۇق گۆرگە كىرىپ ئۇزۇن لوم تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئاكا-ئۇكىلار مونكۋاينىڭ ئۆيگە كىردىشى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بولۇشىغا ئۈن سېلىپ:

— ۋاي مۇرەببىم، مۇرەببىم، — دەپ يىغلاپتۇ ۋە — ئۇ ئۆلۈپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، ئاشۇ ئوچۇق گۆرگە كۆمدۇق، — دەپ گۆرنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئاكا-ئۇكىلار:

— هەرقانداق بولسا تەگرى بىزنىڭ ئەنتىمىزنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بىز بېشىغا بىر تەرەت قىلىپ قويايلى، — دەپ مەسلىهەتلىشىپ، ئالدى بىلەن ئاكىسى تۇپراق بېشىغا كېلىپ راسا ئىنجىقلاپتۇ. تۆمۈرنى قىپقىزىل قىلىپ قىزدۇرۇپ تۇرغان مونكۋاي تەرەت قىلغۇچىنىڭ ساغرىسىغا تۆمۈرنى «پاژ» قىلىپ يېقىپتۇ. ئاكىسى ۋايجانلىغىنىچە بىر قولىدا ساغرىسىنى، بىر قولىدا ئىشتانبېغىنى تۇتۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ئوتتۇرانچىسى ۋە ئەڭ كىچىك ئىنىسىمۇ ئاشۇ ئىشقا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن زار-زار ياش تۆكۈپ، بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىپ، «بۇ يۇرت بىزگە هارام بولدى» دېيىشىپ ياقا يۇرتقا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مونكۋاي بۇلارنى ئىزدەپ شەهەر ئاتلاپ مېڭىپ، بۇلار بار جايغا كەپتۇ. قارىسا، بىرسى ئاشپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاۋاتقان، يەنە بىرسى ئاشخانىغا سۇ توشۇۋاتقان، يەنە بىرسى هامال بولۇپ هارۋا سۆرەپ يۈرگەنىكەن، مونكۋاي بۇلارغا ئۆزىنى تونۇتماي تۇرۇپ پادىشاهنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە سالام-ئېكرامدىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

— كەمىنەنىڭ شەهەرلىرىدە شەرىپىڭىزدە ئۈچ ئادەم بار، بۇلارنىڭ ئوڭ قۇلىقى يوق، ساغرىسىدا تۆمۈر تامغام بار، بۇلار ئايالىدىن ۋە ئۆي-بىسات پۇل-پۇچەكلىرىدىن ئايرىلغان، ئېلىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بېرىڭ.

پادىشاه مونكۋاينىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرمەكچى بولۇپ پۈتۈن شەهەر خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. مونكۋاي ئۈچ ئادەمنىڭ سول قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ پادىشاهنىڭ ئالدىغا تىزلاندۇرۇپتۇ هەم بولغان جەرياننى تولۇق هېكايە قىپتۇ. هەيران قالغان پادىشاه مونكۋاينىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن مونكۋاي بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ ئادەملىرىنى ئېلىپ ئۆز شەهرىگە قايتىپ كەپتۇ.

توپلىغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمەت

تەييارلىغۇچى: روزىمۇهەممەت توختىنىياز



# خەلقىمىزدە ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى ھويلا - ئاران مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، خەلقىمىز ھويلا - ئارانىنى بېزەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قەدىمىي زامان ئۆي بېزەكچىلىكى ھازىرقى زامان ئۆي بېزەكچىلىكىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ ھازىرقى زامان بېزەكچىلىكىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇيغۇرلار مېھمانخانا، ئايۋان، ساراي، كارىدور، پەش، ئايۋان، ئىشىك، دېرىزە، تۈڭلۈك، تام مورا، تەكچە، سۇپا، تورۇس، لىم، تۈۋرۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ چىرايلىق گۈل نەقىشلىرى بىلەن ئالاھىدە بېزەيدۇ، ئۆي ئىچىگە ئادەم رەسىملىرىدىن باشقا ھەرقانداق گۈل نۇسخىسىنى چىقىرىدۇ.

گۈل نۇسخىلىرىنىڭ تۈرىمۇ نەچچە 100 خىلدىن ئاشىدۇ، بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ تۈرىمۇ نەچچە ئون خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇر ياغاچچىلىق سەنئىتىدىكى ئويمىچىلىق، قىرمىچىلىق، چاپمىچىلىق، چەكمىچىلىك قاتارلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قوللىنىلىدۇ.

### 1. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ دائىرىسى

ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى ئۆي ئېمىنى پاسىل قىلىپ ئۆينىڭ سىرتقى قىسمىغا يەنى ھويلىسىغا قارىتىپ سېلىنغان، ھويلىغا تەۋە بولغان، ئالدى تەرەپ ئوچۇق، ئۈچ تەرەپ توسۇلغان ئۈستى يېپىلغان پەش ئايۋاننى كۆرسىتىدۇ. پەش ئايۋان ئاتالماققا گەرچە ئاددىي قۇرۇلمىلىقتەك ئاڭلانغىنى بىلەن ئۆيگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كۆزىگە چېلىقىدىغان، ھويلىغا ئالاھىدە زىننەت بېغىشلايدىغان، ئۆينىڭ مۇھىم قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ.

پەش ئايۋاننىڭ ئالدى ئۇزۇن لىمىنىڭ ئوڭ، سول، ئاستى يۈزىنىڭ ھەممىسىگە ياغاچ ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىپ لىمىنىڭ ئۆزىگە پىلەكسىمان گۈل نەقىشى ئويۇلىدۇ. يەنە توغرا لىمىنىڭ ئوڭ، سول، ئاستى يۈزىگە ئۇزۇن لىمىنىڭ نەقىشلىرى بىلەن ئوخشاش قىلىپ نەقىش ئويۇلىدۇ. ئۆي ئېمىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئاساسلىق لىمىنىڭ ھويلىغا قارايدىغان ئوڭ يۈزىگە تىك شەكىللىك ئويما گۈل نۇسخىسى نەقىش قىلىنىدۇ. لىمىنىڭ ئاستى تەرەپ تامغا لاي ئويما قىلىپ چىرايلىق نەقىش ئويۇلىدۇ، پەش ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ لىمغا قويۇلغان تۈۋرۈكلەرنىڭ

ھەممە يۈزىگە ئۈستى تەرەپ لىمغا قارىتىپ تىك شەكىللىك گۈل نەقىشى ئويۇلىدۇ. پەش ئايۋاندىن ئۆتۈپ ئايۋانغا كىرگۈچە بولغان ئىشىكنىڭ يان ياغاچلىرى، ئىشىك يۈزى، كېشەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى گۈل نۇسخىلىرى نەقىش قىلىپ چىقىرىلىدۇ. ئايۋان بىلەن پەش ئايۋاننىڭ ئارى تېمىغا، ئىشىكنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە دېرىزە بېكىتىلىدۇ. دېرىزىنىڭ ھەر ئىككى يۈزى ئالاھىدە گۈل نۇسخىلىرى بىلەن نەقىشلىنىدۇ. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىدە كۆپىنچە غىش شەكىللىك گۈل نۇسخىسى بىلەن، پىلىكى ئۈزۈن گۈل نۇسخىسى، يۈرەك شەكىللىك گۈل نۇسخىسى، كىتاب شەكىللىك گۈل نۇسخىسى، ئەگمەچ مۈڭگۈز گۈل نۇسخىسى، مېھراب شەكىللىك گۈل نۇسخىسى قاتارلىقلار نەقىش قىلىپ ئويۇلىدۇ. يەنە چوڭ لىمنىڭ ئاستى، ئۈستى تەرىپىگە قويۇلىدىغان، لىم بىلەن لىمنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغان تار تاختاي يۈزىگىمۇ ئوخشاش بولمىغان گۈل نۇسخىلىرى نەقىش قىلىپ ئويۇلىدۇ. ھويلا-ئاران قانچە كەڭرى بولسا پەش ئايۋاننىڭ قۇرۇلمىسىمۇ شۇنچە كەڭرى، شۇنچە ھەشەمەتلىك بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەر پەش ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ ئوچۇق يۈزىنىڭ ئاستى تەرىپىگە 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كالتە تام ياكى ياغاچتىن توسۇق ئورنىتىپ رېشاتكىلايدۇ. بۇنداق رېشاتكىلارنىڭ شادىسىغا قىرمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى قوللىنىلىدۇ. رېشاتكىنىڭ ئۈستى يۈزى كەڭ قىلىپ ياسالغاچقا ئائىلە ئەزالىرى ئورۇندۇق ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. پەش ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ توسۇلمىغىنى ئوچۇقىلا ئۇ پەش ئايۋان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئالدى تەرەپ توسۇلسا ئۇ ۋاقىتتا پەش ئايۋان بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كارىدور ياكى يېرىم ئايۋان دەپ ئاتىلىدۇ. پەش ئايۋاننىڭ ئاستىغا يەنى ئىشىكنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىگە كارىۋات قويۇلىدۇ. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى ئائىلە ئەزالىرى ئاشۇ كارىۋات ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئالىدۇ، بۇنداق كارىۋاتلارمۇ ئالاھىدە نەقىشلىق قىلىپ ياسىلىدۇ، ھويلىغا زىننەت بېغىشلايدۇ. بۇرۇن پەش ئايۋانلارنىڭ ئاستى تەرىپى توپا ھالەتتە بولاتتى، چۈنكى ئۈستىگە سۇ سېپىپ قويسا ئۆي ھويلا ناھايىتى سالقىن تۇراتتى، ھازىر خىش ياتقۇزۇلىدىغان بولدى.

### 2. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ تۈرلىرى

ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى كۆپ خىل بېزەكچىلىك تۈرلىرىنىڭ بىر كىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇلار ياغاچ ئويما گۈل نەقىشچىلىكى، ياغاچ قىرمىچىلىق گۈل نەقىشچىلىكى، سىزما گۈل نەقىشچىلىكى، گەج گۈل نەقىشچىلىكى، سىرچىلىق قاتارلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا بىردكىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە ھەر بىر بېزەكچىلىك تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىسقىچە ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### ياغاچ ئويما گۈل نەقىشچىلىكى

بۇ ئەڭ قەدىمىي ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ياغاچ تۇم تىلىنىپ، يۈزى سىلىقلىنىپ، ئاندىن ئۇچلۇق پىچاق بىلەن گۈل نۇسخىسى بىۋاستە ياغاچ يۈزىگە ئويۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئويۇپ چىقىرىلغان گۈل نۇسخىسى ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. ئۆمرى ئۆينىڭ ئۆمرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ياغاچ چىرىپ كاردىن چىققانغا قەدەر تۇرىدۇ.

### ياغاچ قىرمىچىلىق گۈل نەقىشچىلىكى

بۇ خىل گۈل نەقىشچىلىكى ئەنئەنىۋى ئۆي بېزەكچىلىكىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ياغاچ قىرمىچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىدە قۇرۇق ياغاچ ئېھتىياجغا ئاساسەن كېسىپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ياغاچ قىرمىچىلىق دۇكىنىدا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ تۇرۇپ ئوق ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن قىرمىچى ئۇستا ئۆتكۈر تىغ بىلەن ياغاچتىن شەكىل چىقىرىپ قىرىدۇ. ھۈنەرۋەن قانچە ماھىر بولسا قىرىپ چىقارغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ تۈرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، بۇرۇن قىرمىچىلىق ئەسۋابى قول بىلەن ئايلاندۇرۇلاتتى، كېيىن توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بولدى. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىدە قىرىپ تەييارلانغان گۈل نۇسخىلىرى شادا ھالەتتە تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ھەرە بىلەن تىلىپ، لىم، ئىشىك، دېرىزە قاتارلىقلارنىڭ يۈزىگە چاپلاپ ھەر خىل شەكىلدىكى گىرەلەشمە نۇسخىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. قىرمىچىلىق نەقىشچىلىكىدە گۈل نۇسخىلىرىنى ئاۋۋال قىرمىچىلىق دۇكىنىدا قىرىپ تەييارلىۋېلىپ ئاندىن تىلىپ باشقا ياغاچ يۈزىگە چاپلاپ شەكىل چىقىرىدىغان سەنئەت تۈرىدۇر، ئۇ ھويلا - ئاران تۇساقلىرىغا،

ئايۋان شىپاڭلىرىغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

## ياغاچ چاچما گۈل نەقىشچىلىكى

بۇ خىل گۈل نەقىشچىلىكى توم ياغاچنى تىلىپ يۈزىنى كەكە بىلەن چېپىپ ئويۇپ لىم، تۈۋرۈكلەرنىڭ تېگىگە قويىدىغان بىر خىل شەكىلدۇر. ئۇنىڭغا گۈل نەقىشلەر ئويۇلمايدۇ. پەقەت باشقا قۇرۇلمىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئىشلىتىلىدۇ، ياغاچنىڭ ئىچىنى كەكە بىلەن چېپىپ، ئويۇپ ئىشلىتىلگەچكە بۇ خىل ئۇسۇل ئەنئەنىۋى ياغاچچىلىق سەنئىتىدە چاچمىچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

## سۇنئىي تاختاي ئويما نەقىشچىلىكى

بۇ خىل نەقىشچىلىك هازىرقى زامان ئىلغار پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ گۈل نۇسخىسىنى ئاۋۋال كومپيۇتېردا لايىھەلىۋېلىپ ئاندىن قېلىن تاختاي يۈزىگە ئويۇپ چىقىرىلىدىغان گۈل نۇسخىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل نەقىشچىلىكتە گۈل نۇسخىسى تاختاينىڭ بىر يۈزىگىلا ئويۇلىدۇ. تاختاينىڭ ئارقا يۈزى ساق تۇرىدۇ، بۇ خىل نەقىشچىلىكتە ئويۇلغان گۈل ئۆينىڭ مۇھىم يېرىگە ئورنىتىلىدۇ ياكى چاپلاپ مىخلىنىدۇ.

## سۇنئىي تاختاي تۆشۈك گۈل نەقىشچىلىكى

بۇ خىل گۈل نەقىشچىلىكىمۇ ئوخشاشلا گۈل نۇسخىسى كومپيۇتېردا لايىھەلىۋېلىنىپ ئاندىن شەكىل تاختاي يۈزىگە چۈشۈرۈلىدۇ. پەقەت گۈل شەكلىلا تاختاي يۈزىدە قېلىپ ئارىلىقتىكى پاسىل قىرىندىلار پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلىدۇ. تەييارلانغان گۈل نۇسخىسى ئۆينىڭ مەلۇم يېرىگە چاپلىنىپ ئۆي بېزىلىدۇ. سۇنئىي تاختاي تۆشۈك گۈل نەقىشچىلىكى هازىرقى زامان ئىلغار پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قول هۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

## سۇنئىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۈل نەقىشچىلىكى

بۇ خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ئاۋۋال لايىھەلىۋېلىنىپ ئاندىن زاۋۇتتا ئىشلىنىپ تۈرلىرى بويىچە يەشكەلەرگە قاچىلىنىپ كېلىدىغان بىر خىل نەقىش ماتېرىياللىرى. هازىرقى زامان ئۆي بېزەكچىلىكىدە پۈتۈنلەي ئاشۇ خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى كۈنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل سۇنئىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئەنئەنىۋى قول هۈنەر-سەنئىتىگە كۈچلۈك خىرىس ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا ئەمگەك كۈچلىرىنى تېجەپ، ئىش ئۈنۈمىنىڭ تېزلىشىشىگە كۈچلۈك ئاساس ياراتتى. قول بىلەن ئىشلىنىدىغان نۇرغۇن نەقىشلەر زاۋۇتتا تەييارلىنىپ كەلگەچكە ياغاچچى ئۇستىلارغا زور قولايلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، تېخنىكىلىرى يېڭىلىنىپ، زور ئىستىقباللىق كەسىپ بولۇپ قالدى.

## گەج نەقىشچىلىكى

گەج نەقىشچىلىكىمۇ هازىرقى زامان ئىلغار پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى هېسابلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى گەج نەقىشچىلىكىدە تام گەج بىلەن سۇۋۇلۇپ، ئاندىن پىچاق بىلەن تام ئويۇلۇپ، گۈل نۇسخىسى چىقىرىلاتتى. هازىرقى زامان گۈل نەقىشچىلىكىدە گۈل نۇسخىلىرى بىلەن گەج يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇنى كۆپلىگەن خىمىيەۋىلىك ماددىلارنىڭ ياردىمىدە قىزدۇرۇلۇپ قاتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل



MIRAS



نەقشچىلىك تۈرىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدىكى گەج نۇسخىلىرى زاۋۇتتا پىشۇرۇلۇپ تۈرلىرى بويىچە يەشكىلەرگە قاچىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. ياغاچچى ئۇستىلار كۆپ خىل گەج نۇسخىلىرىنى جىپسىلاشتۇرۇپ مىخلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆي بېزەيدۇ، گەج بېزەكچىلىك سەنئىتىمىز ھازىر كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتىدۇ، ئادەم بەدىنىگە زىيانسىز يېشىل مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ.

## زاماسكىچىلىق ۋە سىرچىلىق

زاماسكىچىلىق ۋە سىرچىلىق بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ھويلا - ئاران بېزەكچىلىك سەنئىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، مۇھىم بېزەكچىلىك تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۆينى قانچە چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى بىلەن بېزىگەن تەقدىردىمۇ سىرلانمىسا گۈزەللىك نامايان بولمايدۇ، ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىدە گۈزەللىكنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆينى چوقۇم سىرلاش كېرەك. ئۆينى بېزىگەندە گۈل نۇسخىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان تۆشۈكچىلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل بوشلۇقلارنى تولدۇرماي تۇرۇپ سىر پۈركىگىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش كېرەك. گەج، يېلىم قاتارلىقلاردا زاماسكا تەييارلىنىدۇ. پىچاق بىلەن ھەر بىر كىچىك تۆشۈكچىلەرگە قەدەر بوشلۇق تولدۇرۇلىنىدۇ. قايتا - قايتا قۇم قەغىزى سۈركەش ئارقىلىق تاختاي يۈزى سىلىقلىنىدۇ، ئاندىن سىر بېرىلىدۇ. بۇلار بىر مۇرەككەپ جەريان بولۇپ بېزەكچىلىكتە ئەڭ قىيىن ئىش ھالقىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. گۈل بېزەكچىلىكى، زاماسكا، سىرلاش ئۆز - ئارا زىچ بىرلەشكەندە ئاندىن گۈزەللىك تولۇق نامايان بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۆي بېزەكچىلىكىدە ئەڭ مۇھىم ئىش ھالقىسى ھېسابلىنىدىغان بولدى. سىرچىلار رەڭلەرنى رەڭگە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق نەچچە خىل رەڭ تۈرلىرىنى ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. سىرچىلىق بېزەكچىلىك سەنئىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، گۈزەللىكنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بېزەكچىلىك تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## سىر پۇركىمە گۈل نەقشچىلىكى

بۇ خىل گۈل نەقشچىلىكىدە گۈل نۇسخىلىرى ئاۋۋال تاختاي ياكى قاتتىق قەغەز يۈزىگە تۆشۈكچە ھالەتتە ئويۇپ تەييارلىنىدۇ. گۈل چېكىلىدىغان ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ سىر تاختاي ئۈستىدىن پۇركىلىنىدۇ. تۆشۈكچىدىن ئۆتكەن سىر تام ياكى ياغاچ يۈزىگە پۇركىلىپ، گۈل شەكلى ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل پۇركىمە گۈل نەقشچىلىكى ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىش مەشغۇلاتى ئاددىي، رەڭلىرى ئوچۇق، كۆركەم، چىرايلىق بېزەكچىلىك تۈرلىرىنىڭ بىرى. سىر پۇركىمە گۈل نەقشچىلىكى كۆپىنچە ھويلا تاملىرىنىڭ ئاستى - ئۈستى تەرەپلىرىگە، ئايۋان تاملىرىنىڭ ئاستى تەرەپلىرىگە، پەش ئايۋان چوڭ لىمنىڭ تاش يۈزىگە چىقىرىلىدۇ.

## سىزما گۈل نەقشچىلىكى

بۇ خىل گۈل نەقشچىلىكى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھويلا تاملىرىغا تەبىئەت رەسىملىرىنى سىزىش يەنە تاغ، دەريا، دەرەخ، ھايۋان قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن رەسىملەرنى سىزىش ئاساس قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ھويلا يەنى پەش ئايۋان تېمىغا سىزىلىدۇ. بۇنداق رەسىم پەش ئايۋانغا ئالاھىدە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ئادەمدە تەبىئەت بىلەن ئادەملەرنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ئوبرازىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. سىزما گۈل نەقشچىلىكى ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قوللىنىشچانلىقى كەڭ، ھۆزۈرلىنىش قىممىتى يۇقىرى،

ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت شەكلى، ئۇنى كۆپىنچە رەسساملار ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ.

**3. پەش ئايۋاننىڭ ھويلا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

يۇقىرىدا بىز پەش ئايۋاننىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە توختالدۇق، پەش ئايۋاننىڭ ئالدى تەرىپى ئېتىكلىك بولسا ئۇنى پەش ئايۋان ھېسابلىمايمىز. ئۇ ۋاقىتتا ھويلا بىلەن پەش ئايۋان ئىككى خىل قۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ. پەش ئايۋاننىڭ ئالدى تەرىپى ئوچۇق بولسا ھويلا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ھويلا ھەم چىرايلىق ھەم ئازادە، ھاۋاسى ساپ، سالقىن بولىدۇ. ھويلىغا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. تال باراڭ، ھويلا، ئايۋان، باغ بىلەن ھويلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاكار تام قاتارلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئۆيىنىڭ سىرتقى مۇھىتىنى ئالاھىدە گۈزەل كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مۇھىت ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشىدۇ.

**4 - ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى**

ھويلا - ئاراننى بېزەشتىن مەقسەت گۈزەللىكنى قايتا نامايان قىلىش، گۈزەللىكنى قايتا نامايان قىلىشتىن مەقسەت گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، بەھرىلىنىش، گۈزەللىككە بولغان ھېسسىياتنى قاندۇرۇش. ئىنسان گۈزەللىككە مەڭگۈ قانمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن توختىماي گۈزەللىك ئىزدەيدۇ. ھويلا - ئاران قانچە چىرايلىق بېزەلگەن بولسا ئادەم ئۇنىڭدىن شۇنچە يۇقىرى ئېستېتىك زوق ئالىدۇ. ئۆي، پەش ئايۋان تاملىرى ئادەتتە بېزەلمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ئادەملەر ئۆيىنى بېزىمەي تۇرۇپ ھەرگىز كىرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆي ئىچى ۋە تېشىنى ئىقتىسادىي ئەھۋالى قانچىلىك يار بەرسە شۇنچىلىك ئىقتىساد سەرپ قىلىپ بېزەيدۇ. ئۆزى ياقتۇرىدىغان بارلىق گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنى رويابقا چىقىرىدۇ. ئۆي، ھويلا - ئاران چىرايلىق بېزەلسە ئادەم ئەمگەكتىن، خىزمەتتىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە، ھويلىسىغا كىرىپ چىرايلىق بېزەلگەن گۈل نەقىشلىرىگە قارىغاندا كۆڭلى يورۇپ يېنىكلىشىدۇ. چىرايلىق بېزەلگەن ھويلىدا ئولتۇرۇپ پەرزەنتلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىللە تاماقلانسا، بىرەرسى ئۆيىنىڭ چىرايلىق بېزەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۆزىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى تۇغۇلىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئۆي ھويلا - ئارانلىرىنى كۆرگەندە ياكى بىرەر بېزەكچى ئۆيىنىڭ بېزەكچىلىك نۇسخىسىنى ئۈلگە قىلغاندا ئۆز ئۆيىنىڭ بېزەكچىلىكىدىن يېگىچە ھۇزۇرغا ئېگە بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنساندا بولىدىغان ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، ئادەم گۈزەللىكتىن قانچە تولۇق زوقلانسا، ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان ئېستېتىك قىممەتمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىگە شۇنچە قورقماي مەبلەغ سېلىشنىڭ سەۋەبى ئېستېتىك زوقلىنىشقا بولغان ئېھتىياجنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**5. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى**

ئىقتىسادىي قىممىتى بولغان نەرسىلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممىتى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىگە ھەقىقەتەن كۆپ ئىقتىسادىي مەبلەغ سەرپ بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى دېگىلى بولمايدۇ، يەنە بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ زوقلاندۇرۇش، ئېستېتىك تۇيغۇنى قاندۇرۇش كۈچى مەنىۋى قىممەت ياراتسا، ساغلام ئەقىل، ساغلام بەدەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىش ھېسابلىنىدىغان مەنىۋى قىممەت تەبىئىي ھالدا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان ئېھتىياجنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا ئۇندەيدىغان يېڭى ئېنېرگىيەنى ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋاستىلىك ھالدا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدۇ. ئەگەر قورۇ، ھويلا - ئاراننى تاۋارغا ئايلاندۇرساق ئۇ ۋاقىتتا ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكى يەنە ئەسلىي قىممىتى ئاساسىدا يېڭى ئىقتىسادىي قىممەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇم ئۇپراش قىممىتىنى چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە مەلۇم دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي قىممىتى ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا ھويلا - ئاران مەدەنىيىتى، ھويلا - ئاران بېزەكچىلىكىگە مەبلەغ سالغاندا ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە يارىتىدىغان ئىقتىسادىي قىممىتى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىش كېرەك.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)



# خاسىيەتلىك سەپەر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنى سەپەردە پىشۇرۇپ ئاندىن ئۆيلەش نىيىتى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ بۇنداق قىلىشى باللىرىنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-تاتلىق تەمىنى تېتىتىش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ باللىرىنى يىراق سەپەرگە يولغا سېلىپ، ئاق يول تىلەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى يول مېڭىپتۇ، يول ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. ئۇلار قويۇق ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىگە كەلگەندە كەچ بولۇپتۇ. ئوغۇللار ئۇخلاش ئالدىدا چوڭ ئوغۇل ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن:

— ئۇكىلىرىم، بىز چۆلدە يامان يەردە قوندۇق. ئۇيقۇ دېگەن ئۆلۈم، ئۇچىلىمىز تەڭلا ئۇخلساق بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا ئىككىمىز ئۇخلساق بىرىمىز جېسەكچىلىك قىلساق مۇۋاپىق بولارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

— ئىش تۆردىن كەلسۇن، — دەپ ئېغىز ئېچىپتۇ كەنجى ئوغۇل، — شۇڭا ئالدى بىلەن چوڭ ئاكىمىز جېسەكچىلىك قىلسا قانداق؟

شۇنىڭ بىلەن جېسەكچىلىكتە چوڭ ئوغۇل تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىلاج بار ئۇكىلىرىم ياخشى ئۇخلسۇن دېگەن نىيەتتە زادىلا ئۇخلىماپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا قۇلاق سېلىپ قارىسا بىر تەرەپتىن قاداقتۇر بىر شەپە ئاڭلىنىپتۇ. چوڭ ئوغۇل سەپسېلىپ قارىسا سەل نېرىدىلا بىر ئەجدىھا خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇ قىلىچنى چىڭ تۇتۇپ دەم تارتىۋاتقان ئەجدىھا تەرەپكە قاراپ يۇرەكلىك ھالدا مېڭىپتۇ. ئەجدىھا كۆچەپ بىردەم تارتقانىكەن، چوڭ ئوغۇل خۇددى بوينىدىن باغلاپ تارتقاندەك دەل ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپتۇ. پەقەت تۆت-بەش مېتىر ئارىلىق قالغان بولۇپ ئەجدىھا ئوغۇل ئىككىنچى قېتىم دەم تارتقانىكەن، چوڭ ئوغۇل بوراندەك بېرىپ ئەجدىھانىڭ بېشىغا چاققانلىق بىلەن قىلىچ سالپتۇ. قىلىچنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئىككىنچى قېتىم قىلىچ سالغانىكەن، ئەجدىھا بىرلا پۇشۇلداپتۇ-دە، تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما كېسىۋېلىپ ئۇنى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەننىڭ نىشانىسى قىلىش ئۈچۈن ياغلىققا ئوراپ قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ ئۇكىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا ئۇكىلىرى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ يەنە كۆزەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈپتۇ. ئۇكىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەتىگەنلىك چايلىرىنى ئىچىپتۇ.

— ئى ئاكا، بۈگۈن كېچە قانداقراق بولدى؟ — دەپتۇ ئىنىسى.

— ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى، تىنچ ئۆتتى، — دەپتۇ ئاكىسى.

ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ يەنە بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىگە كەلگەندە كەچ بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ. نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل جېسەكچىلىك قىپتۇ. ئاكىسى بىلەن ئىنىسى ئۇخلاپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر نەرسىنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ. دىققەت قىلىپ قارىسا بىر يولۋاس ئادەم پۇرىقىنى ئېلىپ خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ ئاكىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن

چەبدەسلىك بىلەن يولۋاسنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قىلىچىنى ئوينىتىپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ھۆركىرەپ ئېتىلىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئېلىشا-ئېلىشا ئاخىرى يولۋاسنى يېڭىپ بېشىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئۇمۇ بىر نىشان بولسۇن ئۈچۈن يولۋاسنىڭ تېرىسىدىن بىر تاسمىلىق شىلىۋاپتۇ. ئۇنى ياغلىقىغا ئوراپ قوينىغا سېلىپ ئۆز جايىغا قايتىپ كەپتۇ. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تاڭ ئېتىپ ئاكىسى بىلەن ئىنىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق، بۈگۈن كەچ تىنچ ئۆتتىمۇ؟

ئوتتۇرانچى ئوغۇل خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاشلا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك «ھە، تىنچ ئۆتتى» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار يەنە يول مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ، ئۇلار ماڭا-ماڭا بىر جايغا كەلگەندە يەنە كەچ بوپتۇ، كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىنى ئۇخلاشقا زورلاپ پۇتۇشكىنى بويىچە ئۆزى جېسەكچىلىك قىپتۇ.

ئۇ بىر چاغدا قارىسا سەل يىراقتىلا بىر ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بىزگە زەخمە يېتىدىغان ئىش يۈز بەرمىسۇن دەپ ئويلاپ ئوت كۆرۈنگەن جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. قارىسا بىر گۈمبەز، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن چىراغ نۇرى تارقىلىپ تۇرۇپتۇ. گۈمبەز ئىچىدىن چىقىۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا گۈمبەز ئىچىدىكىلەر بىر توپ قاراقچىلار ئىكەنلىكىنى پەم ئېتىپتۇ. كەينىگە ياناي دېسە ئەتراپتا بىر شاخ لىڭشىپ كېتىپتۇ. ئۇ قاراقچىلارنىڭ كۆزەت قىلىپ تۇرغان ئادىمى بار ئىكەن دەپ ئويلاپ، كۆڭلىگە بىر ئىش پۈكۈپ گۈمبەز ئىچىگە كىرىپتۇ. قاراقچىلار كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆزلىرىگە سالام بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىلىك ئالماي ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقىپ: «نېمە ئادەمسەن؟» دەپ ئالدىراپ سوراپتۇ قاراقچىلارنىڭ چوڭى. ئۇلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغان ئوغۇل ئۇلارغا: «ئى ئەزىز يارەنلەر، مەن بىر يالغۇز ئوغرى ئىدىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۇرت كېزىپ ئوغرىلىق قىلدىم. لېكىن مەن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىم. ئۆزۈم يالغۇز ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ، سىلەرنى ئۇزۇن يولدىن ئىزدەپ بۈگۈن ئاران تاپتىم، مانا ئەمدى مەقسەتكە يەتتىم» دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ شاھزادە.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن: «بوپتۇ يا ۋاپا قىلارسەن، يا جاپا، بىز 40 ئىدۇق، 41 بولدۇق» دەپتۇ.

شۇ كۈنكى مەسلىھەت بويىچە پادىشاھ خەزىنىسىنى بۇلاش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇلار شەھەر سېپىلىگە يېتىپ كەلگەندە بىر قاراقچى ئىككى پىچاقنى يېنىدىن ئېلىپ سېپىلغا سانجىپ-سانجىپ خۇددى شوتىدىن چىققاندەك چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بېلىگە باغلىۋالغان ئارغامچىنى سېپىلدىن سىيرىلدۇرۇپ بېرىپتۇ. 41 قاراقچى ئەڭ ئاۋۋال كەنجى ئوغۇل شاھزادىنى چىقىشقا ئۈندەپتۇ، كەنجى ئوغۇل سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قارىسا بىرىنچى قېتىم چىققان ھېلىقى قاراقچى بەخىرامان ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بۇ قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەنجى ئوغۇل بىر-بىرلەپ چىققان 40 قاراقچىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قاراقچىلارنىڭ 80 دانە قۇلىقىنى كېسىۋاپتۇ. ئۇ قايتىپ كېتەي دېسە تېخى يېرىم كېچە بولغانىكەن. ئالدىغا قارىسا بىر باغ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئايلىنىپ چىقاي دەپ باغ ئىچىگە چۈشۈپتۇ.

باغنى ئايلىنىپ راۋاق ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا راۋاق يەتتە قەۋەت شۇنچە كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك، ئۇنىڭ دىلى تارتىپ راۋاق ئىچىگە كىرىپتۇ، كىرىشىگىلا بىر مۈشۈك مياڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مۈشۈكنىڭ بوينىدا بىر سىقىم ئاچقۇچ ئېسىقلىق ئىكەن. كەنجى ئوغۇل مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى ئاستا سىلاپ ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىپ بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدە بىر ساھىبجامال 40 كېنىزەك تاتلىقىنا ئۇخلاپ ياتقان، ئۇ بۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ ئىككىنچى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ... شۇنداق قىلىپ 38 ئۆيگە كىرىپ كۆرۈپ قارىسا ھەممە ئۆيدە بىر-بىرىدىن چىرايلىق 40 تىن كېنىزەكلەر ئۇخلاپ ياتقان. ئاخىرقى 39-ئۆيگە كىرىپتۇ. كىرىپتۇ-يۇ، ھەيران بوپتۇ. بۇ ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقان قىز كېنىزەككە ئوخشىمايدىكەن. ئۇ بىر مەلىكە ئىكەن، مەلىكە بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنى ئاي ۋە كۈننىمۇ خىجىل قىلغۇدەك. بۇ مەلىكە ۋاللىداپ چاقناپ تۇرغان ئالتۇن سۇپىدا ھۆر-پەرىزاتتەك ئۇخلاپ ياتقان. كەنجى ئوغۇل ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئەمما ئاكىلىرىنى ئويلاپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇ ئۆيدىن يېنىپ قارىسا قىزنىڭ قولىدا بىر ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك جۇلالاپ تۇرغۇدەك، شاھزادە نىشانە ئۈچۈن قىزنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپ يەنە 40-ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆي ئالدىنقى ئۆيدىنمۇ كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئالتۇن-كۈمۈش تام ئۆيلەرنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىكەن. ئالتۇن سۇپا ئۈستىدە ياتقان قىزنىڭ شولىسىمۇ يەر ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. بۇ مەلىكە ئالدىنقى ئۆيدىكى قىزدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. كەنجى ئوغۇل يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ نىشانە ئۈچۈن قىزنىڭ بىلىيارت كۆزلۈك سىرغىسىنى قۇلىقىدىن ئاستاغىنا ئېلىۋاپتۇ. ئۇ بۇ ئۆيدىنمۇ قايتىپ چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى ئاچقۇچنى 41-ئۆيگە ساپتۇ. بۇ ئۆي ئالدىنقى ئۆيدىنمۇ ئېسىل ياسالغان بولۇپ ئالتۇن سۇپا ئۈستىدە يەنە بىر مەلىكە ياتقۇدەك، قىز 41 ئۆرۈم چاچ، چېچى مەجنۇن تالدەك، ئىككى بىلىكى قۇيغان ھېسپتەك ئاپپاق، نۇرانە يۈزلۈك، ھۆر-پەرىگە ئوخشايدىغان بۇ قىزدىن ھېچكىم ھېچقانداق ئەيىب تاپالمايدىكەن. كەنجى ئوغۇل

MIRAS

لېۋىنى چىشلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ پۈتۈن بەدىنى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك بولسىمۇ هوشىنى يىغىپ نىشانە ئۈچۈن قىزنىڭ بىلەزۈكىنى ئېلىۋاپتۇ، ئاخىرى مۇسەللەس ئىچكەندەك لەلەڭشىپ بۇ ئۆيدىنمۇ قايتىپ چىقىپتۇ.

ئاندىن پۈتۈن ئۆيىنى ئەسلىدىكىدەك قۇلۇپلاپ ئاچقۇچىنى مۇشۈكنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ سۈبھى بىلەن ئىككى ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

قارىسا ئاكىلىرى راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك، ئۇ ئاكىلىرىغا ھېچنېمىنى دېمەي، بۈگۈنكى كېچىنىڭمۇ تىنچ ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۆزى كېچىدە كۆرۈۋالغان يول بويىچە ئاكىلىرىنى ھېلىقى شەھەرگە باشلاپ كىرىپتۇ.

ئۈچ ئاكا-ئۇكا شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئەمدىلا بىر سارايغا چۈشۈپ تۇرۇشىغا سارايۋەن پادىشاھقا يات يۇرتتىن كىشى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھ تۈنۈگۈن كېچىدىكى يۈز بەرگەن ئىشتىن ھەيران قالغانىكەن، پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئەتراپىنى تىنتىپ ھېچبىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەپتۇ. شۇ كۈنكى ئىشنى قىلغان ئادەمنى يا ئوغرى دېيەلمەپتۇ، يا ئۇنىڭ سىرىنى ئاچالماپتۇ. ئاخىرى شەھەردىكى بارلىق سارايۋەنلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ۋە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ بۇ ئەلگە يات ئادەملەر كەلگەن بولسا دەرھال شاھ ھۇزۇرىغا ھازىر قىلىشنى تاپىلىغانىكەن.

ياساۋۇللار ئۈچ ئاكا-ئۇكىنى شاھ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ شاھزادىلەرچە تۇرقىغا قاراپ: «شاھانە زىياپەت ھازىرلانسۇن» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل تا كەچ كىرگىچە ئوردىدىكىلەر بىلەن يەپ-ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇلارنى يەنە بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدىمۇ ھەم زىياپەت تائاملىرى بولۇپ ئۈستەل يۈزى كۆرۈنمەيدىكەن، پادىشاھ بۇلارنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ ياندىش ئۆيگە كىرىپ كىچىككىنە تۆشۈكتىن ھەممىنى كۆرۈپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادىلەر ئەمدى خالىي ئولتۇرۇپ، ئىختىيارىي پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بۇ ئىشلار كەنجى ئوغۇلغىلا چۈشىنىشلىك بولغاچقا ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى بەكمۇ ھەيران ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن چوڭ ئوغۇل دەپتۇكى: «ئەي ئۇكىلىرىم، مەن بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمىدىم، نېمە سەۋەبتىن پادىشاھ بىزنى چاقىرىپ مېھمان قىلىپ يۈرىدۇ؟ بىز پادىشاھنىڭ ياخشىلىقىغا لايىق نېمە ئىش قىلىپ بەرسەك بولىدۇ؟»

«ئى ئاكىلىرىم، پادىشاھنىڭ بىرەر ئىشى بولمىسا بىزنى چاقىرمىغان بولاتتى. بىز ئەتە پادىشاھقا ئۆز سەزگۈرەشتىلىرىمىزنى راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بەرسەك، قېنى ئاكىلىرىم سىلەر كۆزەت قىلغان كېچىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار!؟» دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. ئىككى ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ ئۆز ئىشىنى سېزىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ، ئەڭ ئاۋۋال چوڭ ئوغۇل ئەجدىھانى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن شىلىۋالغان ھېلىقى تاسمىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوغۇل يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ تىلىۋالغان تاسمىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپتۇ.

ئاخىرىدا كەنجى ئوغۇل قاراقچىلارنى قانداق بابلىغانلىقىنى ۋە 41 ئۆيگە كىرىپ ئۈچ مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنى قانداق كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ 40 قاراقچىنىڭ 80 دانە قۇلىقى بىلەن ئۈچ مەلىكىنىڭ ئۈزۈك، سىرغا، بىلەزۈكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. «ئەجەبمۇ باتۇر ئەزىمەت يىگىتلەر ئىكەن. مېنى بالادىن قۇتۇلدۇرغانلار ئىكەن» دەپتۇ پادىشاھ، پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ ئۆيگە تېزرەك كىرىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما يەنە نېمە ئىشلار چىقاركىن دەپ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۈچ ئاكا-ئۇكا سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ بىر-بىرسىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل داستىخاندىكى ئۈزۈمدىن بىر تالنى ئاغزىغا سېلىپ سەل چىرايى ئۆزگىرىپتۇ-دە: «بۇ ئۈزۈم تېلىنىڭ تېگىگە ئادەم جەستى كۆمۈلگەنىكەن» دەپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرانچى ئوغۇل گۆشتىن بىر چىشلەم ئاغزىغا سېلىپ: «بۇ پاقلان ئىت ئېمىپ چوڭ بولغانىكەن» دەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ئوغۇل: «پادىشاھنىڭ دادىسى ناۋاي ئىكەن» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەرھال ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ «ئى ئانا، مېنىڭ دادام كىم؟» دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى: «سېنىڭ داداڭ ئارى پادىشاھنىڭ، سەن پادىشاھنىڭ ئوغلى، بالام» دەپتۇ. پادىشاھ «ئانا، سىز راستىڭىزنى ئېيتمىسىڭىز، باللىق مېھرىدىن كېچىلى، مەن ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن» دەپ خەنجىرىنى سۇغارغانىكەن، «توختا بالام، توختا! ئەسلىدە سورىمساڭ بولاتتى. مەن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم، ئەمدى مەن باشتىن-ئاخىرى راستىنى دەي، مەن دادىڭىزدىن 19 پەرزەنت تۇغدۇم، ھەممىسى قىز، 20-تۇغۇتۇمنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى دادىڭىز بۇ نۆۋەت ئوغۇل تۇغمىساڭ سېنى بالاڭنى ئۆلتۈرۈپ ئادا-جۇدا بولىمەن دەپ

ئېيتتى. ئاخىرى بالا تۇغۇلغاندا ئوغۇل ئەمەس، يەنىلا قىز تۇغدۇم، شۇئان مېنىڭ ئەڭ يېقىن كېنىزىكىم بار ئىدى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى بار ئىدى. بالىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپلا چىقىپ كېتىپ تۇيدۇرماي بىر يۆگەكتە بىر ئوغۇل بالىنى ئەكىرىپ يېنىمدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، قىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كىم تۇغدى دەپ بولغىچىلىك بالا ئالماشتۇرۇلدى. بۇ ئوغۇل مەن بىلەن بىر كۈندە ئىككى سائەت ئارىلىقىدا كۆز يورۇغان ئوردا ناۋىيىنىڭ بالىسى ئىكەن. شۇ بالا سىز بولسىز، ئەسلى دادىڭىز ناۋاي ئىدى» دەپتۇ

شاھ ياساۋۇللىرىغا: «باغۋەننى چاقىر» دەپتۇ. باغۋەننى ھازىر قىپتۇ. «دەسلەپتىكى تالنىڭ تۈۋىگە نېمە كۆمۈلگەن؟»، «تالنىڭ تۈۋىگە ئوغۇت» دەپتۇ باغۋەن.

«راستىڭنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دەپتۇ شاھ.

باغۋەن: «راستىنى دەي، بۇ باغدىكى تالنىڭ ئىچىدە بىر تاتلىق ئۈزۈم بار ئىدى. يىلدا ئۆزلىرىگە ئاتاپ پىشۇراي دېسەم ئوغرى كىرىپ ئارام بەرمىدى. بۇ يىل تال چېكىلگەندىن كېيىن ساقلاپ ياتتىم. بىر كۈنى بىر ئوغرى كىرىپ ھەدەپ تالغا يامىشىپ ئېلىۋاتىدىكەن، كالتەك بىلەن بىرنى ئۇرسام ئۆلۈپ قالدى. شۇ تالنىڭ تۈۋىگە كۆمگەنىدىم» دەپتۇ.

شاھ قويچىنى چاقىرىپ: «راست گەپ قىلساڭ ئامان قالىسەن، بولمىسا ھالىڭغا ۋاي، تۇنۇگۈن سويغان قوزا نېمە ئەمگەن ئىدى؟» دەپتۇ. «بۇنىڭ ئانىسى تۇغۇتتا ئۆلۈپ قېلىپ شۇ كۈنىسى بىر قانجىق ئىت تۇغقانىكەن، شۇنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانىدىم» دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپتۇ. بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن باللارنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا خۇشال كىرىپ قايتىدىن ئەھۋال سورىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئىت ئەمگەن قوزىنىڭ گۆشى بىلەن تۈۋىگە ئادەم كۆمۈلگەن ئۈزۈم سىرىنى تەمى ئارقىلىق بىلگەندۇ، دادامنىڭ ناۋاي ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگەندۇ، دەپ ئويلاپ چوڭ ئوغۇلغا دەپتۇ: «راستىنى ئېيتسام مەن سىلەرنىڭ قىلىشقان گەپ-سۆزۈڭلارنى تاشقىرىدا ئاڭلاپ تۇردۇم، سىلەرگە بارىكاللا، ئەمما مەن سىزنىڭ مېنىڭ دادامنىڭ ناۋاي ئىكەنلىكىنى قانداق تاپقانلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ».

چوڭ ئوغۇل پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «بىز دەسلەپ ئوردىغا كىرگەندە، سىز بىر ناننى چۆرۈپ ئويناپ ئولتۇرىدىكەنسىز، مەن شۇنىڭدىن بىلدىم» دەپتۇ.

پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

«ئى دانىشمەن ئوغۇللار، سەپەر دېگەننىڭ خەتىرى تولا، بارسىمۇ بولار، بارمىسىمۇ بولار، سەپەرگە چىققاننىڭ بەزىسى كېلىدۇ ئۇلار، بەزىسى يەيدۇ بەتتە پۇلۇ، بەزىسى كېلىدۇ غامناك، بەزىسى بولىدۇ ھالاك، سەپىرىڭلار بەك قۇتلۇق بوپتۇ. ئەمدى سىلەر مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قېلىڭلار، مەن سىلەرنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆتەي، سىلەر بىلەن دەرقەمدە ئۆتەي» دەپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قىلىپ بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ئۈچ ئوغۇلنى بۇ ئەلدە تۇرۇپ قېلىشقا كۆندۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۈچ قىزنى ئۈچ ئوغۇلغا 40 كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئوغۇللارنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالغانلىقىنى خەلقئالەم ئالدىدا جاكار قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ 40 ۋەزىرى بار ئىكەن. بۇ 40 ۋەزىر پادىشاھ ئۈچ ئوغۇل بىلەنلا بولۇپ بىزنى تاشلىۋەتتى. بۇ ئۈچ بالا بىزنى كۆزگە ئىلمىدى. بۇنى دەرھال يوقاتماي بولمايدۇ دەپ ئوغۇللارنى كۆرەلمەي قەست قىلىپ يۈرىدىكەن. بىراق پادىشاھ كەنجى ئوغۇلنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول قوغدىغۇچىسى قىلىپ ئۆزى نەگە بارسا ئۇنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ شىپاڭدا ئۇخلاۋاتقاندا كۆلچەكتىن بىر يىلان چىقىپ پادىشاھنى چاقماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھنى قوغداپ ئايلىنىپ يۈرگەن كەنجى ئوغۇل يىلاننى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، قىلىچىنى يېنىدىن شارتتىدە تارتىپ ئېلىپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كۆلگە تاشلاپ قىلىچىنى قىنىغا ساپتۇ، بىراق ئۇ قىلىچنى قىنىغا سېلىۋاتقاندا پادىشاھ ئويغىنىپ قاپتۇ-دە، ھە ئەسلىدە مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. ئاڭغىچە مەن ئويغىنىپ قاپتىمەن دەپ ئويلاپ جاللات دەپ چاقىرىپ گەپ-سۆزسىزلا بالىنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل زىنداندا ئۈچ ئاي يېتىپتۇ. ئۈچ ئايغىچە 40 ۋەزىرنىڭ پىتنە-پاساتلىرى پادىشاھنى تازا قايمۇقتۇرۇپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ ئۇنى دارغا ئېسىشنى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ چاغدا ئىككى ئاكىسى ئىنىسىنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئەڭ ئاۋۋال چوڭ ئوغۇل ئېغىز ئېچىپ: «ئى دانا پادىشاھ، سىلەر ئۇكامدىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سوراپ باقىلمۇ؟ ئەگەر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپلا ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولسىلا ھېلىقى پادىشاھتەك پۇشايمان قىلىپ قالىلا»، «قېنى، قايسى پادىشاھتەك پۇشايمان قىلىدىكەنمەن؟» دەپتۇ پادىشاھ، «ئى ھۆرمەتلىك شاھ، بۇرۇن قۇشقا ئامراق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر قۇشى بولۇپ ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، بىر كۈنى شاھ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ بىر كېيىكنى قوغلاپ ھېرىپ ۋە ئۇسساپ بىر يەرگە كەلگەندە بىر تاغنىڭ ئۈستىدىن چىپ-چىپ قىلىپ سۇ تېمىپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ يېنىدىن ئالتۇن قاچىنى ئېلىپ چۈشۈۋاتقان تامچىگە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. مېكىر جاپادا

قاچا تۇشۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئىچىش ئۈچۈن ئېغىزىغا ئېلىپ بېرىشىغا ئۆزىنىڭ ئامراق قۇشى قانىتى بىلەن ئۇرۇپ ئۆرۈۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم قاچىنى يەنە تۇشقۇزۇپتۇ. قۇش يەنە شۇنداق قىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا قۇش يەنە ئۆرۈۋېتىپتۇ، پادىشاھ غەزەپ بىلەن قۇشنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. كېيىن ئايلىنىپ پادىشاھ تاغ ئۈستىگە چىقسا بىر ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدىن ئېقىۋاتقان زەھەر ئىكەن. پادىشاھ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان قۇشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئىچ-ئىچىدىن قايغۇرۇپتۇ. مەن سىلىنىڭ دەل ئاشۇ پادىشاھدەك بولۇپ قالماسلىقلىرىنى تىلەيمەن».

پادىشاھ يەنە كۆنمەپتۇ. ئىككىنچى قېتىمدا ئوتتۇرانچى ئوغۇل پادىشاھنى گەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈپتۇ.

«ئى ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئاتا، بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىنتايىن ۋاپادار بىر شاتۇتى قۇشى بار ئىكەن. ئۇ شاتۇتىنى بىر كۈن كۆرمىسە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىكەن. پادىشاھ ئۇنى 14 يىل بېقىپتۇ. بىر كۈنى شاتۇتى پادىشاھقا دەپتۇكى: ‹ئى ئۇلۇغ شاھ مەن ئۇزاقتىن بېرى سىلىگە خىزمەت قىلدىم، ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۆز دىيارى بار، ھەممە جانلىق ئۇنى سېغىنىدۇ مەنمۇ ھەم شۇنداق، شۇ ۋەجىدىن سىلىدىن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سورايمەن. مەن ئۆز ئاتا-ئانامنى ۋە يۇرتۇمنى كۆرۈپ كەلسەم، ئۆز دىيارىمغا بىر كۈن بارسام، بىر كۈن تۇرسام، يەنە بىر كۈندە قايتىپ كەلسەم دەيمەن› دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ، شاتۇتى ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بېرىپتۇ. بىر كۈن تۇرۇپ قايتماقچى بوپتۇ. شاتۇتىنىڭ ئاتا-ئانىسى زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ‹ئى جان بالام، سەن كەتمىگىن، چۈنكى سەن دائىم قەپەزدە تۇرىدىكەنسەن، بىزگە ئوخشاش ئەركىنلىكىڭ يوق ئىكەن. بىز بىلەن قالساڭ› دەپتۇ. بۇنىڭغا قارىتا شاتۇتى: ‹ئى ئانا، ئاتا، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق نامەردلىك ئىشى، مەن باراي ئىجازەت بەرسەڭلار!؟› دەپتۇ. شاتۇتى گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئاتا-ئانىسى ئىلاجسىز قاپتۇ. ئاخىرى ئانىسى شاتۇتىغا ئىككى دانە چىلان قېقى بېرىپ: ««بۇنى پادىشاھىڭغا ئېلىۋال، پادىشاھنىڭ 70 ياشتا ئىكەن، بۇنىڭ بىرسىنى يېسە ساقلى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسىنى يېسە يېڭىدىن قارا ساقال چىقىپ پادىشاھ 18، 19ياشتىكى يىگىتكە ئايلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆز ئىگەڭگە تۇتقان سوۋغىمىز› دەپ بالىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاتۇتى چىلان قېقىنى ئېلىپ پادىشاھ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ شاتۇتىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ كەتكەن پادىشاھ ياخشى كۈتۈۋاپتۇ، شاتۇتى ئەڭ ئاۋۋال چىلان قېقىنىڭ بىرىنچىسىنى بېرىپتۇ. پادىشاھ چىلان قېقىنى يەپ قارىسا ئۆزىنىڭ ئاپپاق ساقىلى چۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك... پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ ماڭا قەست قىلماقچى بوپتۇ، دەپ ئويلاپ شۇ ھامان شاتۇتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىراق پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئامراق قۇشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا چىدىيالماي قايغۇرۇپ راسا ئازابلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ شاتۇتىنىڭ بۇنداق قەستى يوق ئىكەن، ئىككىنچى بىر چىلان قېقىنى يەپ باقاي، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئۇنىمۇ يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھقا يېڭىدىن ساقال چىقىپ 18 ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ شاتۇتىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ. لېكىن قانچە پۇشايمان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئى شاھ ئاتا، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇكامنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ئەنە شۇنداق پۇشايمان قىلىسىز، شۇڭا سىز ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى سوراپ بېقىڭ».

ئەلقىسسە، پادىشاھ شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئاخىرى كەنجى ئوغۇلنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ سوراق قىپتۇ، كەنجى ئوغۇل كۆل بويىدىكى ئىشلارنى، پادىشاھنى يىلاندىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ ئالغانلىقىنى، قىلىچنى قېنىغا سىلىۋاتقاندا پادىشاھنىڭ ئويغىنىپ باشقىچە گۇمان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ دەررۇ جاللاتلىرىنى كۆلگە چۈشۈپ قىلىچ بىلەن چېپىلغان ئۆلۈك يىلاننى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار راستىتىن ھېلىقى ئۆلۈك يىلاننى تېپىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئادەم يوتىسىدەك كېلىدىغان يىلاننى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ-دە، كۆپچىلىككە قاراپ جاكار قىپتۇ:

— ئى خالايىق، مەن خاتا قىپتىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ كىچىك كۈيئوغلۇم پادىشاھ، مەن ۋەزىر، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ كىچىك كۈيئوغلى بىر يىل ئادىللىق بىلەن شەھەر سوراپتۇ. ئاخىرى ئۈچ ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ ئۆز يۇرتىمىزغا كېتىپ، ئاتا-ئانىمىزنى خاتىرجەم قىلساق، دەپ پادىشاھقا تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ نائىلاج بۇ دانىشمەن ئوغۇللارنى قىزلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ، ئۈچ ئوغۇل ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىسىنى خۇشال قىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇللىرىنىڭ سەپەرگە چىقىپ نۇرغۇن تەربىيە-ساۋاق ئېلىپ، ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

توپلىغۇچى: ئىسمائىل ئىبراھىم

تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت توختىنىياز

# ئاسيگۈل ئەمەت باسما رەسىملىرىدىن





ئاسيگۈل ئەمەت شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت كەسپىنى پۈتكۈزگەن ، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە، ئويما رەسىم ئىجادىيتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئاسپىرانتى، سەنئەت ئىلمى ماگىستېرى. ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئوقۇتۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپى ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى.





سۇ تۈگمىنى

مۇساجان ۋاھاپ سىزغان


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)
电话:(0991)4554017 传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: شۇ ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040